# سەبىيلەر كۈلكىسى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

لەۋەسكار ئىنىم بەختىيارغا

تەقدىم.

بىرلىكتە كۈلەيلى.

ئا. روزى

# سەبىلەركۈلكىسى

(بالىلار يۇمۇرلىرى)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىكىم روزى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەلشات تۇرسۇن

# مۇھەررىردىن

بالىلار يۇمۇرلىرى قۇرۇلمىسى ئىخچام، تىلى چۈچۈك - ئاممىباپ، مەزمۇنى جانلىق، قاراتمىلىقى دەل، ھېسسىياتى ساغلام بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كىشىلەرنى جەلپ قىلىدۇ. ئەمەلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، ھەجۋىيلىكى يۇقىرى، بەلگىلىك بەدىئىي سەۋىيىگە تويۇنغان يۇمۇرلارنى ئوقۇغىنىمىزدا ياكى باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغىنىمىزدا ئىنتايىن قىزىقىش ئىلكىدە ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلايمىز، ھاياجانلىنىمىز. مانا مۇشۇنداق كۈلكە - ھاياجان ئىچىدە ياخشى ئادەم، ياخشى ئىش - ھەرىكەتلەر مەدھىيەلەنسە، يامان ئادەم- قىلمىشلار ئاچچىق مەسخىرە ئاستىغا ئېلىنىدۇ، تەنقىد قىلىنىدۇ، قامچىلىنىدۇ.

بالىلار شائىرى ئابلىكىم روزى نەشرگە

تەييارلىغان بۇ كىتابچىغا كىرگۈزۈلگەن يۇمۇر-
لار ئۆسمۈر دوستلارنى ئىنتايىن قىزىقتۇرىدۇ،
پەكىر قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ، ئۇلارغا
ئىستېتىك زوق بەخش ئېتىدۇ، ئۇلارنى ئەقىل-
پاراسەتكە، ئىلىم - پەن بىلىملىرىگە، مول
تۇرمۇش ساۋاتلىرىغا ھەمدە قىممەتلىك تەر-
بىيىگە ئىگە قىلىپ، نېمىنىڭ گۈزەللىك،
نېمىنىڭ خۇنۇكلۇك ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلەي-
دىغان، سەمىمىي، كەمتەر، ئادىل، ئۇچۇق-يورۇق
كىشىلەردىن بولۇپ چىقىشقا يېتەكلەيدۇ.

يۇمۇر دېگىنىمىز ناھايىتى كەڭ ۋە تېرەن.
بۇ كىتابچىدىكى يۇمۇرلارنى كۆڭۈل قويۇپ
تاللىغان بولساقمۇ، لېكىن تامامەن سەرخىل،
ئەتراپلىق بولدى دېيەلمەيمىز، سەۋەنلىك-
لەردىن خالىي بولالمىغان بولۇشىمىزمۇ مۇم-
كىن. شۇڭا سۆيۈملۈك ئۆسمۈر دوستلارنىڭ،
يۇمۇر يازغۇچىلارنىڭ ھەمدە ئوقۇتقۇچى -
ئۇستازلارنىڭ تەكلىپىنى قارشى ئالىمىز.

## شەبنەم دېگەن نېمە؟

ــ سەن ئېيتىپ باقە، شەبنەم دېگەن نېمە؟

ــ يەر شارى ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىپ ھارغاندا تەرلەشكە باشلايدۇ، ئۇنى كىشىلەر شەبنەم دېيىشىدۇ.

## چاچ چۈشۈرگەن چاغدا

دادىسى ئوغلىنىڭ چېچىنى گال ئۇستىرا بىلەن چۈشۈرۈشكە باشلىدى. بالىنىڭ بېشى ئاغرىپ كەتتى. لېكىن بالا «باشقىلار مېنى يىغلاڭغۇ ئىكەن» دېمىسۇن دەپ ئويلاپ، چىشىنى چىشىغا چىشلەپ چىداپ ئولتۇردى.

شۇ پەيتتە تۇيۇقسىز سىرتتا موزاي

مۆرىگىلى تۇردى. بالىنىڭ تاقىتى - تاق بولدى - دە:

- ۋايجان دادا، سىرتتا مۆرەۋاتقان موزايىڭمۇ چىچىنى بىر كىم چۇشۇرۇۋاتامدىغاندۇ - ھە؟! - دېدى كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆككەن ھالدا.

## مىجەز

- سىلەر ئاكا - سىڭىل تۇرۇپ، نېمىشقا كۈندە دېگۈدەك جېدەل چىقىرىسىلەر؟ - دېدى دادا تاكاللىشىۋاتقان ئوغلى بىلەن قىزىغا.

- مەنمۇ تازا بىلەلمىدىم، - دېدى ئوغلى جاۋابەن، - مېنىڭ مىجەزىم سىزگە، سىڭلىمنىڭ مىجەزى ئانامغا تارتقان بولسا كېرەك!

## 100 نومۇر

بالىسى: ئانا، ئانا! مەن بۈگۈن 100 نو-
مۇر ئالدىم.
ئانىسى: يارايسەن بالام، قايسى پەندىن
100 نومۇر ئالدىڭ، دېگىنە قېنى؟
بالىسى: تارىخ دەرسىدە 30، ماتېماتىكا
دەرسىدە 20، ساغلاملىق تەربىيىسىدە 50.

## ئەقىللىق بالا

بالىسىنىڭ ئىمتىھاندىكى ئومۇمىي نومۇرى
70 بوپتىكەن، دادىسى ئاچچىقىدا پايلىماي،
ئۇنى يەتتە تەستەك ئۇرۇپ، ئاندىن كېيىن
سوراپتۇ:
— بۇنىڭدىن كېيىن يەنە 70 نومۇر ئالام-
سەن، قاپاقباش؟!

— ياق، ئەمدى يەتتە نومۇر ئالىمەن.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ، دوت؟
— 70 نومۇر ئېلىپ، يەتتە تەستەك يېگەن-
دىن، ئازراق نومۇر ئېلىپ،تەستەك يېمىگىنىم
ياخشى ئەمەسمۇ، بۇنى چۈشەنمەيدىغانلىغا
مەن دوت ئەمەس، قاپاقباشمۇ ئەمەس -
تە! — دەپتۇ بالىسى.

## هايۋانات پادىشاھى

ئوقۇتقۇچى: ساۋاقداشلار، كىم هايۋانات
پادىشاھى؟
ئوقۇغۇچى: هايۋانات باغچىسىنىڭ
باشلىقى.

## بىرلىك سان ۋە كۆپلۈك سان

ئوقۇتقۇچى: ناسىر! سىز بىرلىك سان ۋە

كۆپلۈك سانىنىڭ ئېمىلىكىنى چۈشەندىڭىزمۇ؟
ناسىر: چۈشەندىم.
ئوقۇتقۇچى: ئۇنداقتا سىز دەپ بېقىڭە، ئىشتان بىرلىكمۇ - كۆپلۈكمۇ؟
ناسىر: يۇقىرى تەرىپى بىرلىك، تۆۋەن تەرىپى كۆپلۈك.

## باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيەت

بىرىنچى يىللىق سىنىپتا ئوقۇيدىغان قىز- چاق قاتناش ساقچىسىنىڭ باش - ئايىغىغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن قاراپ سوراپتۇ:
— سىز ساقچىمۇ؟
— ھەئە.
— ئانام قانداق ۋاقىت بولۇشىدىن قەتئىي- نەزەر، ياردەمگە ھەتاج بولغاندا ساقچىنى چاقىرىش كېرەك، دەيدۇ. سىزنىڭچە توغرىمۇ؟

— توغرا.
— ئۇنداقتا ياخشى، مېنىڭ ئايغىمنىڭ شوينىسىنى چېكىپ قويسىڭىز!

## ئارتۇقچە ئاگاھلاندۇرۇش

ئانىسى: بۇنىڭدىن كېيىن ئادەم چۈشەنمەيدىغان سۆزلەرنى قىلىشىڭغا رۇخسەت يوق، ئاڭلىدىڭمۇ؟
ئوغلى: ئانا، بۇ ئەلىشىر ناۋايىنىڭ سۆزى.
ئانىسى: ۋاي - ۋۇي، بۇنىڭدىن كېيىن ناۋاي - پاۋايىنىڭ بالىلىرى بىلەن ئوينىشىڭغا تېخىمۇ رۇخسەت يوق!

## توغرا ھۆكۈم

ئانىسى بىلەن چوڭ قىزى ئاشخانىدا چىنە - قاچا يۇيۇۋاتاتتى، كىچىك قىزى بىلەن

دادىسى مېھمانخانىدا تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى، توساتتىنلا ئاشخانىدىن چىنىنىڭ چېقىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

كىچىك قىزى: چوقۇم ئانام چاقتى.

دادىسى: سەن قانداق بىلىسەن؟

كىچىك قىزى: بۇنى بىلىش بەك ئاسان، چۈنكى ئانامنىڭ ھەدەمنى ئەيىبلىگەن ئاۋازى ئاڭلانمىدى.

## مەن نېمىگە ئايلىنىپ قالىمەن

مېھمان: شاكىچىك، نېمىشقا يىغلايسەن؟

شاكىچىك: دادام ئانامنى «كالا» دەپ تىللىسا، ئانام دادامنى «ئېشەك» دەپ تىللىدى.

مېھمان: ئۇنداقتا سەن نېمىشقا يىغلايسەن؟

شاكىچىك: ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولسا مەن نېمىگە ئايلىنىپ قالىمەن؟

## ئىككىنچى بولدۇم

— ئوغلۇم، بۈگۈنكى يۈگۈرۈش مۇسابىقى-
سىدا قانداق نەتىجىگە ئېرىشتىڭ؟

— ئىككىنچى بولدۇم.

— قانچە بالىنىڭ ئىچىدە ئىككىنچى
بولدۇڭ؟

— ئىككىيلەن يۈگۈرۈپ بولمامدۇ!

## مەنداش سۆز

مۇئەللىم: مەنداش سۆز دېگەن نېمە؟

ئوقۇغۇچى: مەنداش سۆز دېگىنىمىز — بىر
سۆزنى يازالماي قالغان چېغىمىزدا شۇ سۆز-
نىڭ ئورنىدا ئىشلىتىدىغان يەنە بىر سۆز.

## تېز لىك

ئۈچ بالا ئۆز دادىسىنى ماختىشىۋاتاتتى.

ئا: مېنىڭ دادام شۇنداق تېز يۈگۈرەيدۇكى، ئۇ ياچاقتىن ئوقنى ئۈزۈپ، ئۇ ق نىشانىغا تېگىشتىن بۇرۇن نىشانىغا يېتىپ بارالايدۇ.

ب: بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى. دادام 500 مېتر يىراقلىقتىكى بۇغىغا ئوق ئۈزۈپ، بۇغا بەركە يىقىلغۇچە بېرىپ ئۇنى تۇتۇۋالالايدۇ.

س: تولىمۇ ئاستا ئىكەن! دادام ھۆكۈمەت ئورگىنىدا خىزمەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ خىزمەتتىن چۈشۈش ۋاقتى سائەت بەش يېرىم. لېكىن، دادام ھەر كۈنى سائەت ئۈچ يېرىمدا ئۆيگە كېلىپ بولىدۇ.

## «قۇرۇق گەپنى ئاز قىل»

بىر قىزچاق ئانىسىدىن سورىدى:

— ئانا، ئېيتىڭا، نېمە ئۈچۈن مەندە ئىككى كۆز، ئىككى قۇلاق، ئىككى پۇت، ئىككى قول بار؟ بىراق ئاغزىم ئارانلا بىر؟

— بۇ سېنىڭ كۆپ كۆرۈپ، كۆپ ئاڭلاپ، كۆپ مېڭىپ، كۆپ ئىشلىشىڭ ۋە قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىشىڭ ئۈچۈن!

## «ئورۇندۇق مېڭىۋاتىدۇ»

ئوقۇتقۇچى: مۇرات، دەرسنى نېمىشقا جايىڭىزدا ئولتۇرۇپ ئاڭلىمايسىز؟

ئوقۇغۇچى: كەچۈرۈڭ مۇئەللىم، مەن جايىمدا ئولتۇرۇپ ئاڭلاۋاتىمەن، بىراق ئاستىمدىكى ئورۇندۇق مېڭىپ كېتىۋاتىدۇ.

ئوقۇتقۇچى: بۇ نېمە دېگىنىڭىز، ئورۇندۇقمۇ ماڭامدىكەن؟

ئوقۇغۇچى: ئۆتكەندە سىز «پۇتى بار نەرسىنىڭ ھەممىسى ماڭىدۇ» دېگەن ئىدىڭىزغۇ.

## چۈشەنچە بېرىش

— ئانا، ئېيتىپ بېرىڭا، ھىندىلار نېمىشقا لېۋىگە قىزىل سۈرتىدۇ؟

— بىلەمسەن ئوغلۇم، ئۇلار ئادەتتە ئۇ-رۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا شۇنداق قىلىدۇ.

ئانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا ئوغلى دادىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كىردى:

— دادا ھېزى بولۇڭ، ئانام ئېرىنىقى ئۆيدە ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتىدۇ.

## كېچىكلەپ كېتىش

ئانىسى: چاپىنىمنى بىر قېتىم يۇيۇپ قويسام، شۇنچە كىچىكلەپ كېتىپتۇ، ئەمدى ئۇنى قانداقمۇ كىيەرمەن!

بالىسى: ئانا، ئۇنداقتا بۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ داستا يۇيۇنمايمەن.
ئانىسى: نېمىشقا؟
بالىسى: سىزنىڭ بايىقى سۆزىڭىز بويىچە بولغىنىدا، داستا يۇيۇنۇۋەرسەم بويۇم كىچىكلەپ كېتىپ، پاتچوڭسىيالماي قالغۇدەكمەن.

## ئالماشتۇرۇش

ئاپتوبۇس يول ئۈستىدىكى كىچىك بازارغا كەلگەندە توختىدى. قاسىم ئەپەندى ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ تۇخۇم ئالماقچى بولدى، ئەمما سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ئۇ، بىر كىچىك بالىنى كۆرۈپ:
— ھەي بالا، مەن ساڭا ئالتە موچەن بېرەي. سەن ئىككى دانە پىشۇرۇلغان تۇخۇم ئېلىپ، بىرنى ئۆزۈڭ يەپ، بىرنى ماڭا ئەكېلىپ بەرگىن، — دېدى. بىردەمدىن كېيىن

بالا ناھايىتى خۇشال ھالـدا قايىتىپ كەلدى ۋە تۇخۇم يېگەچ توۋلىدى:

— ئەپەندى، تۇخۇم ساتـقۇچـىدا پەقەت بىرلا تۇخۇم قالغان ئىكەن، مەن شۇ بىرنىلا ئالدىم. بۇ ئۈچ موچـەن پۇلـنى سىزگە قايـتۇرۇپ بەرسەم ئىككىمىز زىيان تارتمىغۇدەكـمىز.

## قورقۇش

ئوغلى: دادا، شىردىن قورقامسىز؟
دادىسى: زادى قورقمايمەن.
ئوغلى: يولۋاستىنچۇ؟
دادىسى: قورقمايمەن.
ئوغلى: ئۇنداقتا سىز ئانامدىنلا قورقىدىـكەنسىز – دە؟!

## بىز قانداق تونۇشقان

بەش ياشلىق قىزى ئانىسىدىن سورىدى:

— سىز قەيەردە تۇغۇلغان؟

— قەشقەردە تۇغۇلغان، — جاۋاب بەردى ئانىسى.

— دادامچۇ؟

— ئۇرۇمچىدە تۇغۇلغان.

— مەنچۇ؟

— ئاقسۇدا تۇغۇلغان.

— ئۇنداقتا بىز ئۈچىمىز قانداق تونۇشقان؟ — سورىدى قىز ھەيران بولۇپ.

## تىياتىردىن چىقىپ كېتىش

ئىككى بالا ئۆز ئارا پاراڭلىشىپ قالدى.

ئۇلاردىن بىرى:

— مەن تۇنۇگۈن تىياتىر كۆرگىلى بارغان ئىدىم، بىرىنچى پەردە تۈگىشى بىلەنلا چىقىپ كەتتىم.

— نېمە ئۈچۈن چىقىپ كەتتىڭ؟

— تىياتىرنىڭ چۈشەندۈرۈشىدە: «ئىككىنچى پەردە بىر يىلدىن كېيىن» دەپ يېزىلغان ئىكەن.

## يول سوراش

بىر بالا ساقچىدىن سوراپتۇ:

— مۇشۇ يولنى بويلاپ ماڭسام ئۆيۈمگە بارغىلى بولامدۇ؟

ساقچى: سېنىڭ ئۆيۈڭ قەيەردە؟

بالا: ئەگەر مەن ئۆيۈمنىڭ نەدىلىكىنى بىلگەن بولسام، سىزدىن سوراپ نېمە قىلىمەن!

## ئاتا بىلەن بالا

دادىسى: بالام، شاكىلاتتىن ياسالغان ئاپ-
تومۇبىل بولسا، ئالدى بىلەن قەيىرىنى يەي-
تىڭ؟
بالىسى: ئەلۋەتتە چاقىنى ئالـدى بىلەن
يەيمەن-دە!

## ئىسپات

مۇئەللىم ئوقۇغۇچىدىن سورىدى:
— نەبىجان، قېنى دەپ باقە، ئەگەر ئىش-
تىنىڭنىڭ سول يانـچۇقـىدا 20 يۈەن پۇل،
ئوڭ يانچۇقىدا 30 يۈەن پۇل بولسا، نەتى-
جىسى قانداق بولىدۇ؟
— نەتىجىسى نىمە بولماقچىتى، مېنىڭ كىي-
گىنىم باشقا بىرەيلەنـنىڭ ئىشتىنى بول-

دۇ ـ دە! ـ دەپ جاۋاب بەردى نەبىجان،

## رۇخسەت سوراش

مەخمۇت مۇئەللىمگە تېلېفون بەردى:
ـ ۋەي، سىز كامىل مۇئەللىممۇ؟ مەن سىزدىن رۇخسەت سورىماقچى. بالىمىز مەخمۇت ئاغرىپ قالدى، بۈگۈن مەكتەپكە بارالمايدۇ.
ـ ئۇنداقتا ئۇ ئۆيدە ئوبدان دەم ئالسۇن!
ۋەي، سىز ئۇنىڭ ئېمىسى بولىسىز؟
ـ مەنما؟... مەن مېنىڭ دادام!

## ياخشى ئىش قىلىش

مۇئەللىم: بۈگۈن قايسىڭلار ياخشى ئىش قىلدىڭلار؟
ئوقۇغۇچى: مەن ياخشى ئىش قىلدىم.

قانداق ئىش قىلدىڭىز؟

ئوقۇغۇچى: بىر ئاق چاچلىق موماينى يول-نىڭ بۇ تەرىپىدىن ئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ قويدۇم.

مۇئەللىم: ناھايىتى ياخشى قىپسىز. ئەمە-دى ساۋاقداشلىرىڭىزغا ئاشۇ موماينى ئۆت-كۈزۈپ قويۇش داۋامىدا دۇچ كەل-گەن قىيىنچىلىقلار بولسا سۆزلەپ بېرىڭ.

ئوقۇغۇچى: جىق قىيىنچىلىققا دۇچ كەل-دىم. ئۇ موماي: «يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆت-مەيمەن» دەپ تۇرۇۋالسىمۇ، مەن قولىدىن تارتىپ ئۆتكۈزۈپ قويدۇم. ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن: «ئەمدى نەگە بارىسىز» دېسەم، ئۇ: «يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتىمەن، چۈنكى مې-نىڭ ئۆيۈم بۇ تەرەپتە ئەمەس» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى يەنە يولنىڭ ئۇ تەرىپى-گە ئۆتكۈزۈپ قويدۇم.

## يالغان گەپ قىلماسلىق

دادىسى: بالام، كىچىك بالىلار يالغان گەپ قىلماسلىقى كېرەك. مەن سەندەك ۋاقتىمدا يالغان گەپ قىلغان ئەمەس.
بالىسى: ئۇنداقتا سەن قانچە ياشقا كىرگەندە يالغان گەپ قىلىشقا باشلىغان؟

## راستچىللىق

ئوقۇتقۇچى تەتىلدىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارغا بىر پارچىدىن ساياھەت خاتىرىسى يېزىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن خەۋەرنىڭ راستلىقىغا بەكمۇ سادىق بىر ئوقۇغۇچى ماقالە قەغىزىگە مۇنداق دەپ يېزىپ قويۇپتۇ: «دادام ماڭا ساياھەت قىلىش ئۈچۈن پۇل بەرمىگەن ئىدى. شۇڭا مەن

...ا ياھەت قىلالمىدىم.»

## بالا رەسسام

پېشقەدەم رەسسام: شاكىچىك، تۇنجى مۇ- كاپاتقا ئېرىشكەن بۇ رەسىمىڭىزنى قانچە ياش ۋاقتىڭىزدا سىزغان ئىدىڭىز؟

بالا رەسسام: 74 ياش ۋاقتىمدا.

پېشقەدەم رەسسام: نېمە؟ 74 ياش!

بالا رەسسام: توغرا، مېنىڭ سەككىز ياش ۋاقتىم بىلەن دادامنىڭ 66 ياش ۋاقتىنى قوشقاندا شۇنداق بولىدۇ - دە.

## چۈش ۋە كۆزەينەك

دادىسى: بالام، كۆزەينىكىمنى تېز ئەكې- لىپ بەرگىن.

بالىسى: بۇ يېرىم كېچىدە كۆزەينەكنى

ئېمە قىلىسىز؟
دادىسى: مەن بەك پەيزى بىر چۈش كۆر-
گەن ئىدىم. بىراق بەزى جايلىرى كۆزۈمگە
سەل تۇتۇقتەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ. كۆزەينەك
تاقاپ چۈشۈمنى قايتا ئوبدانراق بىر كۆ-
رۈۋالاي.

## قەنت

مۇئەللىم: ھەممەيلەن بىردىن جۈملە تۈ-
زۈڭلار، جۈملىنىڭ ئىچىدە چوقۇم «قەنت» دېگەن
سۆز بولسۇن.
ئوقۇغۇچى: دادام چاي ئىچىۋاتىدۇ.
مۇئەللىم: بۇ جۈملىدە «قەنت» دېگەن سۆز
يوققۇ؟
ئوقۇغۇچى: چاينىڭ ئىچىدە قەنت بار.

## «ئاپتوبۇستا ھەمىدىن زىچ»

ئاپتوبۇس قىستا - قىستاڭ بولغاچقا، مۇ-
رات دەرسكە كېچىككىپ قالدى. بۇ چاغدا ئو-
قۇتقۇچى جۇغراپىيە دەرسى ئۆتۈۋاتاتتى.
مۇرات ئورۇندۇقتا ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا،
ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭدىن:
سەن جاۋاب بېرىپ باقە، مۇرات، دۆلـ-
تىمىزنىڭ قەيېرىدە نوپۇس ئەڭ زىچ؟ — دەپ
سورىدى.
مۇرات تەمتىرىمەيلا:
— ئاپتوبۇستا ھەمىدىن زىچ، — دەپ
جاۋاب بەردى.

## ۋىتامىن ئىزدەش

تۆت ياشلىق ئېلى بىر شوخلىنى تېشىپ

تۆشۈك ئاچقاندىن كېيىن، قوشۇقنى تىقىپ بىر هازاغىچە كولاپ ئاۋارە بولىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىردىنلا يىغلاپ كەتتى.

— بالام، نېمە بولدى؟ نېمىگە يىغلايسەن؟ — دەپ سورىدى ئانىسى.

— ھەممىڭلار شوخلىدا ۋىتامىن كۆپ دەيسىلەر، بىراق مەن بىرسىنىمۇ تاپالمىدىمغۇ؟!

## رويال چېلىش

ئانا قىزىغا بىر رويال ئېلىپ بەردى. ئانىدىن قىزىغا مۇنداق دەپ جىكىلىدى:

— سەن ھەر قېتىم رويال چېلىشنىڭ ئالدىدا چوقۇم قولۇڭنى يۇيۇشۇڭ كېرەك!

— خاتىرجەم بولۇڭ ئانا، مەن رويالنىڭ قارا توپچىسىنىلا باسىمەن.

## قول يۇيۇش

باللار باغچىسىدىكى مۇئەللىم باللارنى گەپكە سالدى:
— ئېيتىڭلارچۇ باللىرىم، نېمە ئۈچۈن تاماق يېيىش ئالدىدا قولىمىزنى يۇيىمىز؟
بىر ئوغۇل بالا دەرھاللا جاۋاب بەردى:
— قوشۇقنى پاسكىنا قىلمۇەتمەسلىك ئۈچۈن!

## «مېنىڭ كېيىم ھېساب»

مۇئەللىم: تاپشۇرۇق دەپتىرىڭلارنى ئائىلە باشلىقى كۆرۈپ ئىمزا قويغاندىن كېيىن ماڭا ئەكىلىپ بېرىڭلار.
ئوقۇغۇچى: دادىمىزغا ئىمزا قويدۇرامدۇق ياكى ئانىمىزغىمۇ؟

مۇئەللىم: ئۆيۈڭلاردا كىمنىڭ گېپى ھېساب بولسا، شۇ ئىمزا قويسۇن!
ئوقۇغۇچى: ئۇنداق بولسا ياخشى گەپكەن، بىزنىڭ ئۆيدە مېنىڭ گېپىم ھېساب.

## «ئانامدىن سوراڭ»

بېلەت ساتقۇچى: ئۇكام، ئاپتوبۇس بېلىتى ئالدىڭىزمۇ؟
بالا: ئانامدىن سوراڭ!
بېلەت ساتقۇچى: ئانىڭىز قېنى؟
بالا: ئانام ماڭا «ئاپتوبۇسقا چىققاندا مېنى تونىماس بولۇۋال» دېگەنتى.

## كىم ياخشى

ئانا: بالام، ئاناڭ ياخشىمۇ، داداڭمۇ؟
بالا: ئانامـمۇ ياخشـى ئەمەس، دادامۇ

ياخشى ئەمەس.

ئانا: ئۇنداق بولسا بىزنىڭ ئۆيدە كىم ياخشى؟

بالا: چوڭ ئانام ياخشى.

ئانا: نېمىشقا شۇنداق دەيسەن؟

بالا: چۈنكى چوڭ ئانام ئۆينىڭ ھەممە ئىشىنى قىلىدۇ ـ دە!

## مۇكاپات

بالا: ئانا، ئەگەر مەن ئىمتىھاندا 100 نومۇر ئالسام نېمە بىلەن مۇكاپاتلايسىز؟

ئانا: ئون يۈەن بىلەن مۇكاپاتلايمەن!

بالا: ئۇنداق بولسا مېنى بەش يۈەن بىلەن مۇكاپاتلاڭ!

ئانا: نېمىشقا؟

بالا: بۇ قېتىمقى تىل ـ ئەدەبىيات ئىمتىھاندا 50 نومۇر ئالدىم ـ دە!

## ئەقىل كۆرسىتىش

ئۆيدە يەنە جېدەل باشلاندى. دادا ۋارقىراپ تۇرۇپ:
— بۇ ئۆينىڭ خوجايىنى زادى كىم؟ مەن زادى قانداق قىلسام، دېگىنىمنى ئىشقا ئاشۇرالايمەن؟ — دېدى.
بۇ چاغدا بەش ياشلىق ئوغلى ئەقىل كۆرسىتىپ:
— دادا، سىز تازا ھۆركىرەپ يىغلىسىڭىز بولىدۇ! مەن ھەر قېتىم چۇقان سېلىپ يىغلاپ، دېگىنىمنى ئىشقا ئاشۇرۇپ كېلىۋاتىمەن، — دېدى.

## تىرىشچانلىق ـ ئىقتىسادچىلىق

ئوغلى: دادا، كەشمنى كۆرۈپ باقە.

دادىسى: ھېچقىسى يوق، يەنە كىيگىلى بولىدىكەن.

ئوغلى: ئىككى يېرى تېشىلىپ كېتىپتۇ.

دادىسى: لېپى قېلىك ئەينى يىللاردا كىيگەن كەشىنىڭ بەش يېرى تۆشۈك ئىدى.

ئوغلى: شۇنداقمۇ، ئۇنداقتا ئۇنىڭ كىيگىنى جەزمەن سەندەل ئىكەن!

## «كىمنىڭ كېپىنى ئاقلايمەن؟»

ئوقۇغۇچى ئا: مەكتەپكە بارسام، مۇئەللىم ئاتا - ئاناڭنىڭ كېپىنى ئوبدان ئاقلىغىن دەيدۇ، ئۆيگە قايتىپ كەلسەم، ئانام مۇئەللىمنىڭ كېپىنى ئوبدان ئاقلىغىن دەيدۇ.

ئوقۇغۇچى ب: سەن نېمە دېدىڭ؟

ئوقۇغۇچى ئا: نېمە دەيتتىم، سىرتقا چىقسام زادى كىمنىڭ كېپىنى ئاقلايمەن؟ — دېدىم.

## ئىقتىساد قىلىش

— ئانا، بۈگۈن مەن ئىككى موچەن ئىقتى-ساد قىلىپ قالدىم.

— ئەجەب ئوبدان قىپسەن قىزىم، بۇ پۇلنى سەن قانداق ئىقتىساد قىلىپ قالدىڭ؟

— بۇ ناھايىتى ئاددىي، سەن گۈلزارخانىمغا يازغان نامىسىز خەتنى مەن پوچتى-دىن سالماي، ئۆز قولۇم بىلەن تاپشۇرۇپ بەردىم.

## «بىر تالمۇ چاچ يوقكەن»

بىر بالا بېشى تاز ئادەمنى كۆرۈپ ئانىسىغا دېدى:

— ئانا قارىغىنا، ئاۋۇ كىشىنىڭ بېشىدا بىر تالمۇ چاچ يوقكەن.

— بوشراق گەپ قىل، ئۇ ئادەم ئاڭلاپ

قالمسۇن.

— نېمە، ئۇ بېشىنىڭ تاز ئىكەنلىكىنى بىلـ
مەمدۇ؟ — دېدى بالىسى هەيران بولۇپ.

## كېسەللى يۇقۇپ قېلىش

بىر كۈنى ئاتا ـ بالا ئىككىسى ناهاـ
يىتى كىچىككىنە ئورنىدىن تۇرۇۋشتى، دادىسى
ئىشقا، بالىسى مەكتەپكە بارالمىدى.

— مەن ئىشقا بارالمسام مۇ خىزمەتداشـ
لىرىم مېنى كېسەل بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ،
دەپ قارايدۇ. لېكىن سەندىن ساۋاقداشلىـ
رىڭ سوراپ قالسا، سەن نېمەدەپ جاۋاب
بېرەرسەن؟ — دەپ سورىدى دادىسى
ئوغلىدىن.

— دادامنىڭ كېسىلى ماڭا يۇقۇپ قالدى
دەيمەن ـ دە، — دەرهال جاۋاب بەردى
ئوغلى.

## سىنىپ كۆچەلمەسلىك

بالىسى: دادا، مەن يەنە سىنىپ كۆچەل-
مىدىم.

دادىسى: ھەي مۇشۇ بالىزە ...

بالىسى: دادا، ئۇنچىۋالا خاپا بولۇپ
كەتمەڭ، بۇ قېتىم سىنىپ كۆچەلمىگەن يال-
غۇز مەنلا ئەمەس.

دادىسى: يەنە كىملەر بار؟

بالىسى: بىزنىڭ مۇئەللىم! ئۇ بۇگۈن
يەنە بىزنىڭ سىنىپقا كېلىپ دەرس ئۆتتى.

## ھاۋا بوشلۇقىدا ...

بىر بالا دۇربۇن كۆتۈرۈۋالغان بىر كىشى-
دىن سورىدى:

— ئەپەندىم، سىز ئۇنىڭ بىلەن ھاۋا بوش-

لۇقىدىكى ھەر قانداق نەرسىنى كۆرەلەمسىز؟
— ئەلۋەتتە كۆرەلەيمەن.
— ئۇنداق بولسا مېنىڭ شارىمغا قاراپ باقسىڭىز، مەن ئۇنى ئەتىگەندە ئۇچۇرۇۋېتىپ قويغان.

## «ئۇنىڭ بۇرۇتلىرى تۇرمامدۇ؟»

بالىسى: ئانا، بىزنىڭ مۈشۈكىمىز ئەركەكمۇ، چىشىمۇ؟
ئانىسى: ئەركەك.
بالىسى: بۇنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟
ئانىسى: قارا، ئۇنىڭ بۇرۇتلىرى تۇرمامدۇ!

## «كەلگۈسى»

دولقۇن: دادا، يولداش دېگەنىنىڭ مەنىسى نېمە؟

دادىسى: مەسىلەن، مەن، سەن، يەنە سىزنىڭ ساۋاقداشلىرىڭ يولداش بولىمىز.

دولقۇن: ئۇنداقتا ھۆكۈمەت دېگەن نېمە؟

دادىسى: ھۆكۈمەت بىر خىل باشقۇرۇش قۇرۇلمىسى. مۇنداقچە ئېيتساق، ئائىلىمىزدە ئاناڭ ھۆكۈمەت بولىدۇ.

دولقۇن: كەلگۈسى دېگىنىمىز چۇ؟

دادىسى: كەلگۈسى دېگىنىمىز ئۈمىد دېگەنلىك بولىدۇ. مەسىلەن: كىچىك ئۇكاڭ بىزنىڭ ئۈمىدىمىز، كەلگۈسىمىز بولىدۇ.

كېچىدە دولقۇن دادىسىنى ئويغىتىپ ۋارقىراپتۇ:

— ھۆكۈمەتنى دەرھال ئويغات، كەلگۈسى يوتقانغا سىيىۋەتتى!

## ئاساسىي ئوزۇقلۇق

پىسخولوگىيە دەرسىدە مۇئەللىم سورىدى:

— ئادەمنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن ئەڭ كېرەكلىك بولغان ئۈچ خىل ئاساسىي ئوزۇقلۇق قايسى؟

— ئەتىگەنلىك تاماق، چۈشلۈك تاماق ۋە كەچلىك تاماق، — دەپ جاۋاب بەردى بىر ئوقۇغۇچى.

## دوست تۇتۇش

ئانىسى ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ دېدى:

— بالام، مۇرات ياخشى بالا ئەمەس، ئۇنىڭ بىلەن دائىم بىللە ئوينىشىڭنى خالىمايمەن.

— سىنىڭچە مەن ياخشى بالىمۇ؟

— شۇنداق، سەن ئەلۋەتتە ياخشى بالىدە.

— ئۇنداق بولسا، مۇرات مەن بىلەن ئوينىسۇن.

## ماشىنا سېتىۋېلىش

ئېلى: دادا، سەن نېمىشقا كىچىك ماشىنا سېتىۋالمايسەن؟

دادىسى: چۈنكى مەن سېتىۋالالمايمەن.

ئېلى: قانداق قىلغاندا كىچىك ماشىنا سېتىۋالغىلى بولىدۇ؟

دادىسى: سەن ھازىر تىرىشىپ ئۆگەنمە-سەڭ، چوڭ بولغاندا ماشىنا سېتىۋالالمايسەن.

ئېلى: ئۇنداقتا سەن كىچىكىڭدە نېمىشقا تىرىشىپ ئۆگەنمىگەنتىڭ؟

## ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى

ئوغلى: دادا، سىزنىڭ ئەستە تۇتۇش قابى-لىيىتىڭىز ياخشى ئەمەسكەن - ھە؟

دادىسى: نېمىشقا ياخشى ئەمەسكەن؟

ئوغلى: موما م هه مىشه سېنى «خوتۇن ئېلىپلا ئانىسىنى ئۇنتۇپ قالدى» دەيدۇ.

## ھېسابات

قىزى: دادا، سىز ئانا مدەك ھېسابقا ئۇستا ئەمەسكەنسىزغۇ؟

دادىسى: قانداق بىلدىڭ؟

قىزى: سىز كۆندە ئانامغا ھېسابات بەرگەندە، ئانام «خاتا، ئېشىپ قالغان پۇل نەگە كەتتى» دەپ سىزنى سوراققا تارتىدىغۇ؟

## جىن ـ ئالۋاستى

قىز: دادا، سىزنىڭچە دۇنيادا جىن ـ ئالۋاستى بارمۇ؟

دادىسى: بىز ماتېرىيالىستلار، جىن ـ ئالۋاستى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمايمىز.

قىز: ئۇنداق بولسا سىز نېمىشقا ئاچامنى جىن، مېنى ئالۋاستى، دەپ چاقىرىسىز؟

## ئانىسىنىڭ ئىسمى

بىر بالا ئانىسىنى ساقلاپ تۇراتتى، ئانىسى خىزمەت قىلىدىغان ئىدارىنىڭ باشلىقى كېلىپ:
— شا كىچىك، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرۈيسەن؟ —دەپ سورىدى.
— ئانامنى ساقلاۋاتىمەن.
— ئاناڭنىڭ ئىسمى نېمە؟
— ئېنىق بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. مەن «ئانا» دەپ چاقىرىمەن، دادام «سۆيۈملۈكۈم» دەپ چاقىرىدۇ، بوۋام «قىزىم» دەپ چاقىرىدۇ.

## پەرق

ئوقۇتقۇچى: سەن دەپباقە، سوغۇق بىلەن

ئىسسىقنىڭ قانداق پەرقى بار؟
ئوقۇغۇچى: ھاۋا سوغۇق بولسا جىسىملار تارىيىدۇ، ھاۋا ئىسسىق بولسا جىسىملار كېڭىيىدۇ.
ئوقۇتقۇچى: قېنى، مىسال ئېلىپ سۆزلەپ باق.
ئوقۇغۇچى: قىشتا ھاۋا سوغۇق بولغاچقا كۈندۈز قىسقا بولىدۇ. يازدا ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا كۈندۈز ئۇزۇن بولىدۇ.

## پۇتى قىسقا

بالىسى: دادا، توخۇنىڭ پۇتى نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىسقا بولىدۇ؟
دادىسى: ھەي دۆت، ئەگەر توخۇنىڭ پۇتى ئۇزۇن بولسا، تۇخۇم تۇغقاندا تۇخۇم چېقىلىپ كەتمەمدۇ؟

## نېمە كېرەك؟

بالىسى: ئانا، تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە نېمە سوۋغا قىلسام بولار؟

ئاپىسى: گەپ ئاڭلايدىغان بىر بالا بولسا بولىدۇ.

بالىسى: نېمە، ئۇ ۋاقىتتا ئىككى بالا بولۇپ قالامدۇق؟

## كونا پوپايكا

ئوقۇتقۇچى: قوينىڭ بەدىنىدىن نېمە ئالغىلى بولىدۇ؟

ئوقۇغۇچى: يۇڭ!

ئوقۇتقۇچى: يۇڭدىن نېمە توقۇغىلى بولىدۇ.

ئوقۇغۇچى: بىلمەيمەن

ئوقۇتقۇچى: سىنىڭ پوپايكاڭنى نېمىدىن توقۇغان؟

ئوقۇغۇچى: بوۋامنىڭ كونا پوپايكىسىدىن ئۆزگەرتىپ توقۇغان.

## كومپاس

ئوغلى: دادا، مەن ساڭا بىر كومپاس ياساپ قويدۇم.

دادىسى: ئۇنى ماڭا بېرىپ نېمە قىلىسەن؟

ئوغلى: سەن دائىم هاراق ئىچكەندە يولدىن ئېزىقىپ قالىسەن ئەمەسمۇ؟

## «تۆت يىل بولدى»

ئا: مېنىڭ بوۋام ياش ۋاقتىدا سۇغا چۆمۈلگەندە، سۇ ئىچىدە بەش مىنۇت تۇرالايدىكەن.

ج: مېنىڭ بوۋام 10 مىنۇت تۇرالايدىكەن.
س: مېنىڭ بوۋامنىڭ سۇ ئىچىدە تۇرغىنىغا تۆت يىل بولاي دەپ قالدى، ھازىرغىچە چىقماي ياتىدۇ.

## شىددەتلىك جەڭ

ئوقۇتقۇچى: «شىددەتلىك جەڭ» دېگەن تېمىدا ھېكايە سۆزلەپ بېقىڭ.
ئوقۇغۇچى: كەچۈرۈڭ مۇئەللىم، ئانام ماڭا «ئۆيدىكى ئىشلارنى سىرتقا ياييما» دېگەن ئىدى.

## ئۇقۇم

ئوقۇتقۇچى: تەسەۋۋۇر قىلغىلى، ئەمما ئوتتۇرىلى بولمايدىغان ئۇقۇم دېگەن نەرسىنى چۈشىنەمسىلەر؟

ئوقۇغۇچى: چۈشىنىمەن، مۇئەللىم، ئوتتا قىپقىزىل قىزدۇرۇلغان زىخنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن، ئەمما تۇتقىلى بولمايدۇ.

## يېتەكلەش

ئوغلى: دادا، بۇ ماقالىنى نەگە ئەۋەتسەم بولار؟
دادىسى: پۇل كۆپرەك يەرگە.
ئوغلى: خەلق بانكىسىغا ئەۋەتسەم بولامدۇ؟

## «مەكتەپكە بارىمەن»

ئانىسى: دولقۇنجان، مەكتەپكە بېرىشنى خالامسەن؟
ئوغلى: خالايمەن، چۈنكى مەكتەپكە بارمىسام تەتىل بولمايدۇ ـ دە.

## «نېمىشقا ئانامنى تۇتمايسىز»

ساقچىنىڭ ئوغلى دادىسىدىن سورىدى:
— دادا، سىز نېمە ئۈچۈن ئەسكى ئادەملەرنى تۇتىسىز؟
— چۈنكى ئۇلار ئوغرىلىق قىلىدۇ.
— قانداق ئوغرىلىق قىلىدۇ؟
— ئۇلار باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىۋالىدۇ.
— ئۇنداقتا نېمىشقا ئانامنى تۇتمايسىز. سىز ئۇخلاپ قالغاندا ئۇ سىزنىڭ يانچۇقلىرىڭىزنى ئاختۇرىدىغۇ؟

«ئۇخلاۋېتىپ...»

— سىز بۈگۈن دەرستە سۆزلەپلا ئولتۇردىڭىز، خىجىل بولۇشنى بىلەمسىز؟

— كەچۈرۈك مۇئەللىم، مەن ئەزەلدىن ئۇخلاۋېتىپ كەپ قىلىپ باقمىغان.

## هەۋەس

دادا: سىلەرنىڭ سىنىپتا كىمنىڭ ماتېماتىكا هەۋىسى ئەڭ سۇس؟

بالا: تەنتەربىيە مۇئەللىمىنىڭ.

دادا: نېمە ئۈچۈن؟

بالا: تەنتەربىيە مۇئەللىمىمىز ئارانلا تۆتكىچە سانىيالايدۇ. ئەڭ كۆپ بولغاندا سەككىزگىچە ساناپ يەنە بىرگە قايتىپ كېلىدۇ.

## ئۆي ئىجارىسى

قىزى: ئانا، بىزمۇ قىممەترەك ئۆيدە ئولتۇرساق بولمامدۇ؟

ئانىسى: ئالدىرىما قىزىم، ئۆي ئىگىسى ئە-

ەدىن باشلاپ ئۆي ئىجارىسىنى ئۆستۈرىدۇ.

## ئىس-تۈتەك ئايلىنىدىغان جاي

مۇئەللىم: قايسى ساۋاقداش دۇنيانىڭ قايسى جايىدا دائىم ئىس - تۈتەك ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ؟

ئوقۇغۇچى: مېنىڭ دادامنىڭ يېنىدا.

## «چوڭ ئانام قورقۇنچاق»

خېلىل: چوڭ ئانام بەك قورقۇنچاق ئىكەن.

دادىسى: نېمىشقا مۇنداق دەيسەن، بالام؟

خېلىل: يولدىن كېسىپ ئۆتكەندە ھەمىشە قولۇمنى چىڭ تۇتۇۋالىدۇ.

## ئىمتىھان قەغىزى

ئوقۇتقۇچى: ئىمتىھان قەغىزى تېخى باسما

زاۋۇت ئىشچىلىرىنىڭ قولىدا، ئىمتىهاننى دۇشەنبە ئالىمىز، ئوبدان تەييارلىق قىلىڭلار، سورايدىغان سوئاللىرىڭلار بارمۇ؟
ئوقۇغۇچى: بىر سوئالىم بار، باسما زاۋۇت ئىشچىلىرى قەيەردە ئولتۇرىدىكەن؟

## جىنسىي پەرق

كوچا ئاپتوبۇسىدا بىر ئوغۇل بالا ئانىسىدىن سورىدى:
— بىزنىڭ تۇتى قۇشىمىز ئەركەكمۇ ياكى چىشىمۇ؟
ئاپتوبۇستىكى كىشىلەر ئۇن-تىنسىز هالدا ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا قانداق جاۋاب بېرىلىدىغانلىقىنى كۈتۈپ تۇردى. ئانا تەمتىرىمەستىن مۇنداق جاۋاب بەردى:
— سەن ئۇنىڭ لېۋىگە قىزىل سۈرتۈلگەنىلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟!

## چوك بولغاندا قانداق قىلىسەن

دادىسى: ئوغلۇم، سەن ھەمىشە ماقالىنى ئاناڭغا يازغۇزىسەن، چوڭ بولغاندا قانداق قىلىسەن؟

بالىسى: خاتىرجەم بولۇڭ دادا، چوڭ بولغاندا خۇددى سىزگە ئوخشاش كاتىپقا يازدۇرىمەن.

## ئۇخلاش

ئاپىسى بالىسىغا:

— گۆھىرىم، بەش ياشقا كىردىڭ، ئەمدى ئۆزۈڭ يالغۇز ئۇخلايدىغان بولدۇڭ،—دېدى.

بالىسى:

— ئۇنداق بولسا دادام شۇنىچىۋالا چوڭ تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن يالغۇز ئۇخلىمايدۇ؟— دېدى.

## سۇنىڭ رولى

ئوقۇتقۇچى: ھەسەن، ئەگەر سۇ بولمىسا قانداق بولىدۇ؟

ئوقۇغۇچى: دادام ئىشسىز قالىدۇ.

ئوقۇتقۇچى: نېمە ئۈچۈن؟

ئوقۇغۇچى: چۈنكى دادام تۇرۇبا شىركىتىدە ئىشلەيدۇ!

## مەكتەپ بويىچە بىرىنچى

دادىسى: ھازىرغا قەدەر سەن مەكتەپ بويىچە بىرىنچى بولۇپ باقتىڭمۇ؟

بالىسى: ئەلۋەتتە دادا، دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىنىش بىلەنلا مەن سىنىپتىن بىرىنچى بولۇپ چىقىپ كېتىمەن.

## 2 + 2 = 4

ئېلى يەسلىدىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپلا ئا-
نىسىغا دەپتۇ:
— بۈگۈن ئوقۇتقۇچىمىز مەندىن «2 + 2»
قانچە بولىدۇ دەپ سورىدى.
— توغرا جاۋاب بەردىڭمۇ؟
— مەن تۆت بولىدۇ دېگەن ئىدىم، ئوقۇت-
قۇچىمىز ماڭا تۆت تال كەمپۈت مۇكاپات
بەردى.
— ئەقىللىق بارىكاللا ئوغلۇم.
— ھەي... مەن سەككىز دېسەم بوپتىكەن.
— نېمە ئۈچۈن؟
— ...

## پۇل ۋە سازاق

پېتۇلوگىيە ئوقۇتقۇچىسى: ئەركىن، بار-

لىق ھايۋانلار ئىچىدە سىنىڭ ياخشى كۆرىـ
دىغىنىڭ قايسى؟

ئەركىن: مەن پىلنى ياخشى كۆرىمەن.

ئوقۇتقۇچى: ناھايىتى ياخشى، قېنى، دوسـ
كىغا پىلنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ باقە.

ئەركىن: مۇئەللىم، ئەگەر مېنى چوقۇم
سىزىپ بەرگىن دېسىڭىز، مەن سازاڭنى بەك
ياخشى كۆرەتتىم.

## «مەن ئەيىبلىك ئەمەس»

دادىسى: بالام، تازىمۇ قاملاشمايدىغان
ئىش بوپتۇ. سەن نېمىشقا سىنىپ بويىچە ئەڭ
ناچار ئوقۇغۇچى بولۇپ قالدىڭ؟

بالىسى: دادا، بۇنىڭغا مەن ئەيىبلىك
ئەمەس. مۇئەللىم ھېلىقى ئەڭ ناچار ئوقۇـ
غۇچىنى باشقا مەكتەپكە كەتكۈزۈۋەتتى
ئەمەسمۇ؟

## ئارزۇ

نىجات: بوۋا، سىز ياشىنىپ قالدىڭىز، كىچىك ۋاقتىڭىزدىكى ئارزۇلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشتىمۇ؟

بوۋىسى: كىچىك ۋاقتىمدا ئۆگىنىش بىلەن خوشۇم يوق ئىدى. شۇڭا دادام ھەدېسىلا چىچىمدىن تۇتۇپ دۆشكەللەيتتى. مەن چىچىم بولمىسا نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى-ھە، دەپ ئويلايتتىم. مانا ئەمدى شۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى.

## ئۇقۇشماسلىق

كۇلۇبتىكى چىراغلار ئۆچۈپ كىنو باشلىنىپتۇ. يانچۇقچى تاماشىبىننىڭ يانچۇقىغا ئاستاغىنا قول سېپتۇ، تاماشىبىن تۇيۇپ قاپتۇ.

— كەچۈرۈڭ،— دەپتۇ يانچۇقچى، — قول ياغلىقىمنى ئالماقچىدىم، ئۇقۇشماي سىزنىڭ يانچۇقىڭىزغا قول ساپتىمەن.

— ھېچقەقەسى يوق، — دەپتۇ تاماشىبىن. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، «چاك» قىلغان ئاۋاز چىقىپ، يانچۇقچىغا كېلىشتۈرۈپ بىر كاچات تېگىپتۇ.

— كەچۈرۈڭ، — دەپتۇ تاماشىبىن،— يۈزىمگە پاشا قونۇۋېدى، ئۇقۇشماي سىزنى ئۇرۇپ ساپتىمەن.

## خەت ئالماشتۇرۇش

ئانىسى: بالام، ھېلىقى ئىككى پارچە خەتنى پوچتىغا سېلىۋەتتىڭمۇ؟

بالىسى: سېلىۋەتتىم، بىراق ماركا خاتا چاپلىنىپ قاپتۇ، يىراققا بارىدىغان خەتكە 10 پۇڭلۇق، شەھەر ئىچىگە بارىدىغان خەتكە

20 پۇڭلۇق ماركا چاپلىنىپ قاپتۇ.
ئانىسى: ماركىنى ئالماشتۇرۇۋەتكەنسەن؟
بالىسى: ماركىنى ئاجراتماقتەسكەن، ئۇنىڭكى كونۋېرتنىڭ ئىچىدىكى خەتلەرنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇپ قويدۇم.

## يېڭى ئاياغ كىيىم كىيىش

بىر بالا بىر جۈپ ئاياغ كىيىم سېتىۋالدى ـ دە، ئۇنى كىيمەي ئىشكاپقا سېلىپ قويدى. بۇنى كۆرگەن دوستى ھەيران بولۇپ سورىدى:
ـ بۇ يېڭى ئاياغ كىيىمنى نېمە ئۈچۈن كىيمەيسەن؟
ـ ئىش مۇنداق، ـ دېدى بالا دوستىغا چۈشەندۈرۈپ، ـ پىرىكازچىك ماڭا «يېڭى ئاياغ كىيىمنى دەسلەپ كىيگەندە پۇتنى قىستاپ غاجىۋېتىدۇ، بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە

ئاندىن پۇتنى غاجىلىمايدىغان بولىدۇ» دېگەنىدى. شۇڭا بىر نەچچە كۈندىن كېيىن كىيىمەكچىمەن.

## ئالما سېتىۋېلىش

بىر بالا دوستىنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولۇپتۇ-دە، ئازراق ئالما ئېلىۋېلىش ئۈچۈن مېۋە-چېۋە دۇكىنىغا كىرىپ:

— ماڭا بىر كىلوگرام ئالما تارتىپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ دۇكاندارغا.

— ئالمىنىڭ چوڭلىرىدىن تارتىپ بېرەيمۇ ياكى كىچىكلىرىدىنمۇ، — سوراپتۇ دۇكاندار.

— كىچىكلىرىنى تارتىپ بېرىڭ، چۈنكى كۆتۈرۈپ ماڭغاندا يېنىكرەك بولىدۇ ئەمەسمۇ، — دەپتۇ بالا.

## پىكىر ئالماشتۇرۇش

باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئىككى ئوقۇغۇچى مەكتەپتىن ئۆيگە قايتىپ كېلىۋېتىپ سۆھبەتلىشىپتۇ:

ئا: ئەگەر كەلگۈسىدە مۇشۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولۇپ قالساڭ، ئالدى بىلەن نېمە ئىش قىلىسەن؟

ب: تاپشۇرۇق ئىشلەشنى ئەمەلدىن قالدۇرىمەن!

## ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇش

دادىسى: بۇ قېتىم ئىمتىھاندىن ئۆتەلىدىڭمۇ؟

بالىسى: ئۆتەلمىدىم، ئەمما، لاياقەتسىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىزىملىكىدە مېنىڭ ئىسمىم ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپتۇ.

## «كىم كۆپ بىلىدۇ؟»

بىر بالا دادىسىدىن سورىدى:
— بالىغا قارىغاندا دادا دېگەن بىر ئەر-
سىنى كۆپرەك بىلەمدۇ؟
— شۇنداق،— دەپ جاۋاب بەردى دادىسى.
— پار ماشىنىسىنى كىم ئىجاد قىلغان؟ —
سورىدى بالا.
— ۋات ئىجاد قىلغان.
— ئۇنداقتا، پار ماشىنىسىنى نېمە ئۈچۈن
ۋاتنىڭ دادىسى ئىجاد قىلمىغان؟

## ئاچچىقنى چىقىرىۋېلىش

— دادا، پامىر تېغى قەيەردە؟ —سورىدى
بالىسى دادىسىدىن.
— ماڭ ئاناڭدىن سورا، — دېدى دادىسى

جاۋابەن، — ئۇ ھەممە نەرسىنى يوشۇرۇپ يۈرىدۇ.

## ئانتاراكتىدا ساياھەتچىسى

بالىسى: دادا، مەن چوڭ بولسام ئانتاراكتىدا ساياھەتچىسى بولىمەن.

دادىسى: مېنىڭ ئەقىللىك قوزام جۇمۇ سەن!

بالىسى: مەن ھازىردىن باشلاپ قاتتىق چېنىقا يمىكىن دەۋاتىمەن.

دادىسى: قانداق چېنىقما قچى بولۇۋاتىسەن؟

بالىسى: سىز ماڭا ھەر كۈنى ماروژنا ئېلىپ بەرسىڭىز كەلگۈسىدە ئۇ يەرنىڭ ھاۋا كىلىماتىغا ناھايىتى ئاسانلا ماسلىشىپ كېتەلەيتتىم.

## «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ»

بىر كىشى قوشنىسىنىڭ چۆگۈنىنى سوراپ ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، خېلى ئۇزاققىچە ئەكەرىپ بەرمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قوشنىسى چۆگۈننى ئېلىپ چىقىشقا ئۇن ياشلىق قىزىنى بۇيرۇپتۇ. قىز چۆگۈن سورىغۇچىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىشىگىلا ھېلىقى كىشى:

— كىرىپ قاپسىز غۇ قىزىم، — دەپ سوراپتۇ.

— ھېلىقى سىلى سوراپ ئەچىقىپ كەتكەن چۆگۈنگە كىرگەن ئىدىم.

— ئوھو! ... قانداق پاتىدىغىز چۆگۈنگە، — دەپتۇ ئۇ كىشى مۇغەمبەرلىك بىلەن.

— سىلەر تۆت جان ئادەم ئۈچ ئاي ئىچكەن چاي پاتقان چۆگۈنگە مەنمۇ ئەلۋەتتە پاتىمەندە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىزمۇ بوش كەلمەي.

## دادام مېنى تىللىسا

بىر ئايال ئوغلىنى ئېلىپ قوشنىسىنىڭ ئۆيىـ
گە كىردى. قوشنىسى بالىدىن سورىدى:
— ئۆيۈڭلاردا كىم ئەڭ ياخشى؟
— بوۋام ئەڭ ياخشى،— جاۋاب بەردى بالا.
— بوۋاڭنىڭ ياخشىلىقى نەدە؟
— دادام مېنى تىللىسا، بوۋام دادامنى تىللايدۇ.

## «ساتىراش ئەڭ چوڭ»

ئۈچ بالا ئۆزلىرىنىڭ دادىلىرىنى ماختىـ
غىلى تۇرۇپتۇ.
قادىر: مېنىڭ دادام زاۋۇت باشلىقى، زاـ
ۋۇتتىكى ھەممەيلەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ.
سادىر: مېنىڭ دادام شەھەر باشلىقى،

پۈتۈن شەھەردىكى كىشىلەر دادامنىڭ دېـ
گىنىنى قىلىدۇ.

نادىر: سىلەرنىڭ داداڭلار مېنىڭ دادامـ
نىڭ دېگىنىنى بويىچە ئىش قىلىدۇ، دادام ئۇـ
لارنى «ئولتۇرا» دېسە ئولتۇرىدۇ، «بېشىڭنى
تۆۋەن قىل» دېسە بېشىنى تۆۋەن قىلىدۇ، —
دەپتۇ.

قادىر بىلەن سادىر قايىل بولماي ،ناـ
دىردىن سوراپتۇ:

— يالغان سۆزلەۋاتىسەن، سېنىڭ داداڭ
زادى نېمە ئادەم؟

نادىر: ساتىراش.

## ھورۇنلار

بۇرۇن بىر جۈپ ھورۇن ئاكا ـ ئۇكا
بولۇپ، ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى قىلـ
غۇسى كەلمەيدىكەن، ئەمما ئاتا ـ ئانىسى

ئۆيدە بار چاغلاردا قىلماسلىقتا ئىلاجى يوق ئىكەن.

بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ئانىسى سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ. ئاكىسى ئۇكىسىغا:

— دادام بىلەن ئانام كەلگەندە، سەن مېنى ئۇرۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى دېگىن، — دەپتۇ. ئۇكىسى:

— سەنمۇ دادام بىلەن ئانامغا مېنى دوختۇر چاقىرغىلى كەتتى، دېگىن، — دەپتۇ-دە، سىرتقا ئوينىغىلى چىقىپ كېتىپتۇ.

**«مۇھەببەت ئۈچۈن ئەمەس»**

بالىسى: دادا، مەن كىنو كۆرۈپ كېلەي.

دادىسى: بولمايدۇ، ھازىر قويۇلۇۋاتقانلىرىنىڭ ھەممىسى مۇھەببەت كىنولىرى.

بالىسى: ياق، دادا، بۈگۈن «مۇھەببەت ئۈچۈن ئەمەس» دېگەن كىنونى قويىدىكەن.

دادىسى: ئۇنداق بولسا بارغىن.

## دىئالوگ

ئوقۇتقۇچى: يەر شارىدا تۆت ئوكيان بار، توغرىمۇ؟

ئوقۇغۇچى: توغرا.

ئوقۇتقۇچى: جۇڭگونىڭ زېمىنى ياپونىنىڭ زېمىنىدىن كىچىك، توغرىمۇ؟

ئوقۇغۇچى: توغرا.

ئوقۇتقۇچى: نېمە ئۈچۈن توغرا دەيسىز؟

ئوقۇغۇچى: چۈنكى ئانام ئوقۇتقۇچىڭىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلا، ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى توغرا، دېگەن ئىدى.

## ئەمەلدە كۆرسىتىش

بىر بالا بىرە يىلەننىڭ ئۆيىدە ئوينىۋېتىپ،

ئېھتىيا تسىز لىقتىن بىر گۈل تەشتىكىنى سۇن-
دۇرۇۋەتتى. ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئان-
سى ئۇنىڭدىن:

— بالام، سەن گۈل تەشتىكىنى قانداق
قىلىپ سۇندۇرۇۋەتتىڭ؟ — دەپ سورىدى.

بالا يۈگۈرۈپ ھويلىغا چىقىپ، بىر گۈل
تەشتىكىنى ئەكىردى - دە، يەرگە ئۇرۇپ
سۇندۇرۇۋېتىپ دېدى:

— مانا مۇشۇنداق سۇندۇرۇۋەتتىم.

## «تونۇمايمەن»

دادىسى: بالام، ئەگەر سەن داشۆگە كىر-
رەلمىسەڭ، سەندەك بالىنى مەن تونۇمايمەن.

بالىسى: ئەگەر مەن داشۆگە كىرەلىسەم،
سەندەك دادىنى مەنمۇ تونۇمايمەن

## شائىر

نەۋرىسى: چوڭ ئاتا، خوش خەۋەر بىزنىڭ يېزىنغا شائىر كەپتۇ.

چوڭ ئانىسى: شائىر كەپتۇ؟ كىملوسى ھەقىچان قىممەتتۇر، بالام؟

نەۋرىسى: چوڭ ئانا، سىز نېمە دەۋاتىسىز؟

چوڭ ئانىسى: نېمە دېمەكچىتىم ئوماق بالام، شائىر دېگەننى پېچىنە-پىرەنىك دېگەندەك يېگىلى بولىدىغان نەرسەمۇ؟ دەۋاتىمەن.

## سوئالغا جاۋاب

—قانداق پېچىنىنى يېگىلى بولمايدۇ؟

— تۆمۈر پېچىنىنى.

— قانداق كۆنلۈكنى كۆتۈرۈپ ماڭغىلى بولمايدۇ؟

— پاراشوتنى.
— قانداق ئاتنى مىنسەپ چاپقىلى بول-
مايدۇ؟
— ياغاچ ئاتنى.
— قانداق توپنى ئۇرغىلى بولمايدۇ؟
— چۆيۈن توپنى.
— قانداق دەرۋازىنىڭ قانىتى يوق؟
— ۋارتارنىڭ.
— قانداق تور بىلەن بېلىق تۇتقىلى
بولمايدۇ؟
— توپ سېتكىسى بىلەن.
— قانداق تاپانچا بىلەن ئادەم ئۆلتۈر-
گىلى بولمايدۇ؟
— ئويۇنچۇق تاپانچىسى بىلەن.

## گۈزەللىك توغرىسىدا پارالا

ئانىسى ھەش ياشلىق قىزى چىمەنگۈلدىن

سورىدى.

— قىزىم، قېنى، تاشقى گۈزەللىك بىلەن قەلبى گۈزەللىك دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىر چۈشەندۈرۈپ باقە؟

چىمەنگۈل ئالدىرىماي جاۋاب بەردى:

— تاشقى گۈزەللىك دېگىنىمىز — سىزگە ئوخشاش ھەر كۈنى قاشلىق ئېتىش، كالپۇكلىرىنى قىپقىزىل بوياش، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىش ۋە ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىم كىيىش، دېگەنلىك؛ قەلب گۈزەللىكى دېگىنىمىز — سىزگە ئوخشاش ھەر كۈنى بىزگە چاي قاينىتىپ بېرىش، تاماق ئېتىپ بېرىش، كىيىملىرىمىزنى يۇيۇپ بېرىش، دېگەنلىك.

رەڭ

— دادا، رەڭ بەك قىممەتمۇ؟

— ياق، سەن بۇنى نېمىشقا سورايسەن؟

— چۈنكى مەن بىر قۇتا رەڭنى ئەدىيالغا تۆكۈۋەتسەم ئاپام ناھايىتى ئاچچىقلىدى.

## خاسىيەتلىك بالا

بىر ئادەم ئەنگلىيىدىكە بىر سېكەلگەن ئىكەن، دوستى ئۇنىڭدىن لوندوندا ئۇنى ئەڭ ھەيران قالدۇرغان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى سوراپتۇ.

— مېنى ئەڭ ھەيران قالدۇرغىنى ئۈچ ياشلىق بىر بالا، — دەپتۇ ئۇ، — پەقەت لا ئويلىماپتىكەنمەن، كىچىككىنە تۇرۇپمۇ ئىنگلىز تىلىنى راۋان سۆزلەيدىكەن.

## چىش ئارقىلىق

ئوقۇتقۇچى: قادىر، دەپ بېقىڭە، توخۇنىڭ يېشىنى نېمە ئارقىلىق پەرق ئېتىشكە بولىدۇ؟

قادىر: چىش ئارقىلىق، مۇئەللىم.

ئوقۇتقۇچى: توخۇنىڭ چىشى يوق تۇرسا.
قادىر: توخۇنىڭ چىشى يوق بولۇشى مۇمكىن، لېكىن مېنىڭ بار، ئاھايىتى يۇمشاق بولسا، ئۇ چۈجىنىڭ گۆشى، قاتتىق بولسا قېرى توخۇنىڭ گۆشى بولىدۇ ـ دە!

## قۇياش ۋە ئاي

بالا: دادا، ئاي چوڭمۇ، قۇياش چوڭمۇ؟
دادىسى: قۇياش ئايغا قارىغاندا 120 ھەسسە چوڭ.
بالا: ئۇنداق بولسا قۇياش نېمىشقا ئاينىڭ ئالدىغا كىرىپ قاچىدۇ؟

## «قايسى ئالمىنى ئالىسەن؟»

ئانىسى: بالام، سەن قايسى ئالمىنى ئالىسەن؟

بالىسى: مەن ئاشۇ ئەڭ چوڭ ئالمىنى ئالىمەن.

ئانىسى: سەن ئەدەپلىك بولۇپ، كىچىكىنى ئالىمەن دېيىشىڭ كېرەك ئىدى.

بالىسى: ئانا، ئەدەپلىك بولۇش ئۈچۈن يالغانچىلىق قىلىش كېرەكمۇ؟

## «ئەقىللىك» ئۆكا

بىر كىشى بىر جۈپ ئاكا - ئۆكىنى ئۇچرىتىپ قېلىپ ئۇلاردىن سوراپتۇ:

— ئىككىڭلار بىر - بىرىڭلارغا بەك ئوخشايدىكەنسىلەر، بويىڭلارمۇ ئوپئوخشايدىكەن، زادى ئايرىۋالغىلى بولمايدىكەن، قېنى ئېيتىپ بېقىڭلار، ئىككىڭلاردىن قايسىڭلار ئاكا، قايسىڭلار ئۆكا؟

ئاكىسى جاۋاب بېرەي دەپ تۇرۇشىغا ئۆكىسى دەرھال ئالدىغا چىقىپ ئاكىسىنى

تۇسۇپ:

— ئاكا، ئۇنىڭغا ئېيتماڭ، ئۆزى تاپسۇن، دەپ ۋارقىراپتۇ.

## قۇلاق

— بۈگۈن مەن بىر گەپنى ئاڭلىدىم.

— نېمە گەپ ئۇ؟ ماڭا ئېيتىپ بەرمەمسەن؟

— ياق، بۇنى ئەكبەرنىڭ قۇلىقىغا ئېيتىپ بېرىمەن.

— بوپتۇ، ئېيتىپ بەرمىسەڭ بەرمە، بەرىبىر مەن بۇنى ئەكبەرنىڭ سول قۇلىقىدىن ئاڭلىۋالىمەن.

— نېمە؟

— ئەكبەرنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا گەپ قىلسا، سول قۇلىقىدىن چىقىپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ؟

## «سىزگە يەتمەيدىكەن»

باللار باغچىسىنىڭ بىر ئايال ئوقۇتقۇچىسى بىر مەزگىل سىرتقا چىقىپ كېتىپ، يەنە باغچىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ سىنىپىغا كىرگەندىن كېيىن:

— مېنىڭ ئورنىمدا سىلەرگە دەرس ئۆتكەن مۇئەللىم قانداقراقكەن؟ — دەپ سورىدى. بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— يامان ئەمەس ئىكەن، بىراق، ئەقىل جەھەتتە سىزگە يەتمەيدىكەن، چۈنكى ئۇ پىشانىسىنى ئىككى قولى بىلەن چالىدىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

## «جاۋاب بەرمەك تەسكەن»

بىر ئوقۇغۇچى ئىمتىهان مەيدانىغا كىرىپ

كەلدى. ئۇ ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا پروفېسسور ئۇنىڭدىن سوئال سورىدى. ئوقۇغۇچى جاۋاب بېرەلمىدى. ئۇ سوئالنى قايتا تەكرارلىدى. ئوقۇغۇچى يەنىلا جاۋاب بېرەلمىدى.

— بۇ سوئال بەك تەسمىكەن؟ — سورىدى پروفېسسور ئۇنىڭدىن.

— سوئال تەس ئەمەسكەن، بىراق جاۋاب بېرىش تەسكەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئوقۇغۇچى.

## يىلان ئۇچراپ قالسا...

— بالام، ئەگەر سەن كۆزەينەكلىك يىلانغا ئۇچراپ قالساڭ قانداق قىلىسەن؟

— ئۇنىڭ كۆزەينىكىنى چېقىۋېتىپ قاچىمەن.

## ئاق چاچ ۋە قارا ساقال

ئاتا ـ بالا ئىككىسى يولدا كېتىۋېتىپ، ساقىلى قارا، چېچى ئاق بىر ئادەمنى كۆرۈپ قالدى.

ــ دادا، بۇ ئادەمنىڭ نېمە ئۈچۈن ساقىلى قارا، چېچى ئاق؟

ــ چۈنكى چېچى ئۆزى بىلەن تەڭ ئاپىرىدە بولغان، لېكىن، ساقىلى 30 يىلدىن كېيىن ئۆسۈپ چىققان ـ دە.

ــ ھە، بىلدىم. چېچى ساقىلىدىن 30 ياش چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالدىدىراق ئاقىرىپ كېتىپتۇ ـ دە.

## تېز ئىنكاس قايتۇرۇش

مۇئەللىم: كىچىك دوستلار، ئاڭلاپ تۇرۇڭ ـ

لار، مەن سىلەرگە بىر تېپىشماق ئېيتاي، قېنى كىم تاپالايدىكەن، ئۇ ھەر كۈنى ئەتى-گەن سىلەرنى چاقىرىپ ئويغىتىدۇ، پۈتۈن ئۈستىبېشىنى چىرايلىق تۈكلەر قاپلىغان، ئۇ نېمە؟

—پەي سۈپۈرگە،—دېدى بىر ئوقۇغۇچى ئور-نىدىن چاچراپ تۇرۇپ تېزلا جاۋاب بېرىپ،—دادام ھەر ئەتىگىنى قولىغا پەي سۈپۈر-گىنى ئېلىپ ئۈنسىك بىلەن مېنى نوقۇپ ئويغىتىدۇ.

## «كۆپ قىسقا»

جامال ئۆزىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى يېزىل-غان كۆرسەتكۈچنى خۇشال قىياپەتتە بوۋىسىغا كۆرسەتتى.

— ھەي،— دېدى بوۋىسى،— مەن **ئوقۇغان** چاغلاردا تارىختىن ئالىدىغان **نومۇرۇم** 100

دىن چۈشمەيتتى، سەن ئارانلا 80 نومۇر ئاپسەن.

— بىراق، بوۋا، — دېدى جامال ئۆزىنى ئاقلاپ، — ئۇ چاغدىكى تارىخ ھازىرقىدىن كۆپ قىسقا - دە!

## ھورۇنلۇق دېگەن نېمە؟

مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا «ھورۇنلۇق دېگەن نېمە» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە ماقالە يېزىپ كېلىشنى تاپشۇردى.

ئەتىسى، سىنىپتىكى ھەممە ساۋاقداش يېزىپ كەلگەن ماقالىلىرىنى مۇئەللىمگە تاپشۇردى. مۇئەللىم كامالنىڭ مەشىق دەپ تىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندە، ماۋزۇ ئاستىدىكى بىرىنچى بەتكە ھېچنېمە يېزىلمىغان، ئىككىنچى بېتىمۇ ئاپئاقلا تۇرغان، ئۈچىنچى بېتىگە بولسا: «ھورۇنلۇق دېگەن مانا مۇ-

شۇنداق» دېگەن بىر قۇرلا خەت يېزىلغان ئىدى.

## ئىسمىنى سوراش

ساياھەتچى: ھەي بالا، ئىسمىڭ نېمە؟
كىچىك بالا: بىلمەيمەن.
ساياھەتچى: ئۇنداقتا، تاماق تەييار بولغاندا، ئاناڭ سېنى نېمە دەپ چاقىرىدۇ؟
كىچىك بالا: ئانام چاقىرغۇچە مەن بېرىپ بولىمەن.

## «كىم ھەممىدىن ھورۇن»

دادىسى: بەختىيار، سىنىپىڭلاردا ھەممىدىن كىم ھورۇن؟
بەختىيار: بىلمەيمەن.
دادىسى: سەن بىلىشىڭ كېرەك، ساۋاق-

داشلىرىنىڭ دەرس تەكرارلاۋاتقاندا كىم ئۆگىنىش قىلماي ئويۇن - بويانىغا قاراپ ھاڭۋېقىپ يۈرۈيدۇ؟

بەختىيار: ھە بىلىدىم، مۇئەللىم ھاڭ-ۋېقىپ ئولتۇرىدۇ.

## ئوقۇغۇچىنىڭ جاۋابى

مۇئەللىم: باقى، ئېيتىپ باقە، «ئۆزىدىگە ئاۋارىچىلىق تېپىۋېلىش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟

ئوقۇغۇچى: ئۇنىڭ مەنىسى، بىلمەيدىغان مەسىلىگە سىنىپتا قول كۆتۈرمەسلىك كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت.

## قورقۇنچ

بىر ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ يەر تەۋرەش يۈز

بەرگەن رايوندا بولغانلىقى ھەققىدە سۆزلەۋاتاتتى.

— ئۇ چاغدا سىز ئىنتايىن قورقۇپ كەتكەنسىز؟ — سورىدى بىر ساۋاقدىشى ئۇنىڭدىن.

— ياقەي، ئانچە قورقۇپ كەتمىدىم، — دېدى ئۇ - يەرنىڭ قورقۇنچى بەك بولدى. ئۇ، قورققىنىدىن تىترەپ كەتتى.

## ئەنسىرەش ھاجەتسىز

ئەسقەرنىڭ بويى ئۆسمىگەچكە ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ تۆۋەن چاغلايدىكەن.

دادىسى ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ دەپتۇ:

— پاكار بولغانلىقىڭ نېمە يامىنى؟ ئەنسىرەش ھاجەتسىز، باشقىلار ساڭا گەپ قىلغاندا ئېگىلىشىدۇ ئەمەسمۇ؟!

## «دېرىزىمىز غەرب تەرەپتە»

ئوقۇتقۇچى: تەتىلدە سەن قايسى ۋاقىتتا ئورنىڭدىن تۇرىسەن؟
ئوقۇغۇچى: كۈننىڭ تۇنجى نۇرى دېرىزىدىن ئۆيىمىزگە چۈشكەن ھامان ئورنۇمدىن تۇرىمەن.
ئوقۇتقۇچى: ئۇ بەك ئەتىگەن ئەمەسمۇ؟
ئوقۇغۇچى: ياق، بىزنىڭ ئۆينىڭ دېرىزىسى غەربكە قارايدۇ.

## «ھەممىنى يېگىلى بولامدۇ؟»

بىر ئائىلە كىشىلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ تاۋۇز يېيىشكە باشلىدى.

—دادا، تاۋۇزنىڭ ھەممىسىنى يېگىلى بولامدۇ؟— دەپ سورىدى بەش ياشلىق ئوغلى.

— شۇنداق،— جاۋاب بەردى دادىسى.
— ئۇنداقتا شاپىقىنىمۇ يىگىلى بولامدۇ؟— دەپ سورىدى بالىسى يەنە.

## «قورسىقىنىڭ پارتلاپ كېتىمدۇ»

بىر بالا ناھايىتى كۆپ پىچىنە يېدى. ئۇ يەنە يىمەكچى بولۇۋېدى، دادىسى ئۇنىڭغا دېدى:
—ئەمدى يىمە، مۇشۇنداق يەۋەرسەڭ قورسىقىڭ پارتلاپ كېتىمدۇ.
— مەن يەنە يەۋاتقاندا سىز نېرىراق تۇرسىڭىز بولمدۇ،— دېدي بالا.

## سوغۇق يەر

جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى بىر ئوقۇغۇچىدىن سورىدى:

— مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ سوغۇق بولىدىغان يەر قايسى؟

— ئەڭ سوغۇق يەر توڭلىتىش ئىسكىلاتى،— دەپ جاۋاب بەردى ئوقۇغۇچى.

«سەندىن مەن قېرىكەنمەن»

ياش بىر كىشى ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. بۇنى بالىسى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ بالىسىدىن ئىزا تارتىپ كېتىپتۇ — دە:

—ئوغلۇم، داداڭ قېرىپ قالدى،— دەپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئۇ ئىشتىن قايتىپ كېلىشىگە ئوغلى يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— دادا، مەن سەندىن قېرىكەنمەن، بۈگۈن مەن ئۈچ قېتىم يىقىلىپ چۈشتۈم،— دەپتۇ مەيۈس هالدا.

## ئىككى خىل ئېھتىماللىق بار

چوڭ ئانىسى: بالام، ئاكاڭ نەگە كەتكەندۇ؟
نەۋرىسى: بەلكىم دەريا بويىغا كەتكەندۇ؟
چوڭ ئانىسى: دەريا بويىدا نېمە ئىش قىلىدۇ؟
نەۋرىسى: مېنىڭچە، ئىككى خىل ئېھتىماللىق بار: ئەگەر مۇز قېلىن بولسا، ئۇ چوقۇم مۇز تېيىلىۋاتىدۇ، مۇز نېپىز بولسا، ئۇ چوقۇم سۇ ئۈزۈۋاتىدۇ.

## ياخشى كۆرۈش

— سەن تارىخ دەرسىنى ياخشى كۆرەمسەن؟
— بەزى ۋاقىتتا ياخشى كۆرىمەن، بەزى ۋاقىتتا ياخشى كۆرمەيمەن.

— قايسى ۋاقىتتا ياخشى كۆرىسەن؟
— تارىخ مۇئەللىمى ئاغرىپ قالغان چاغدا.

**«بۇ جايمۇ بىزنىڭ ئۆيگە تەۋە»**

بىر بالا ئىشىكى ئالدىدىكى سۇپىدا ئولتۇراتتى، بىر كىشى كېلىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:
— شا كىچىك، ئۆيدە ئادەم بارمۇ؟
— بار.
ھېلىقى كىشى ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باستى، قوڭغۇراق قايتا - قايتا جىرىڭلىسىمۇ ئۆيدىن ھېچقانداق شەپە چىقمىدى. ئۇ بالىنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ:
— ئۆيدە ئادەم بار دېگەن ئىدىڭغۇ؟ — دېدى خاپا بولۇپ.
— مەن ئادەم ئەمەسمۇ؟ — بالا خاتىرجەم،

بەرۋاسىز ھالدا جاۋاب بەردى،— مەن ئۇلۇرۇۋاتقان بۇ جايمۇ بىزنىڭ ئۆيگە تەۋەدە!

## يامغۇرنىڭ مەنبەسى

ئوقۇتقۇچى: دەپ باقە، نېمىشقا يامغۇر ياغىدۇ؟

ئوقۇغۇچى: ئاسماندا ئىككى بۇلۇت ئۆزئارا سوقۇشۇپ قالسا، چاقماق ئۇلارنى ئۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاغرىققا چىدىماي يىغلاپ تاشلايدۇ.

## «سىزدىن قورقىمەن»

دادىسى: ئوغلۇم، سەن كىمدىن قورقىسەن؟

بالىسى: سىزدىن.

دادىسى: نېمىشقا؟

بالىسى: ھېلىلا ئانام، داداڭ دېگەن ئىتنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى دېگەن. شۇڭا چىشلىۋالامدىكىن دەپ قورقىمەن.

## «بىر قېتىم ئارتۇق بېرىپسىز»

دادىسى: سەن ئەتىدىن كەچكىچە دەرس تەكرارلىماي بازارغا بېرىپ بىلىيارت ئويناشنىلا بىلىسەن، مەن بازارغا بەش قېتىم بارسام، تۆت قېتىم سېنى كۆرىمەن.
بالىسى: ئۇنداقتا سىز بازارغا مەندىن بىر قېتىم ئارتۇق بېرىپسىز — دە.

## «ئاخىرىنى ئۆتۈپ بەرسىڭىز»

ئوقۇغۇچى: مۇئەللىم، خەنزۇ تىلى دەرسىنى ئۆگىنىش بەك قىيىنمۇ؟

ئوقۇتقۇچى: دەسلىپىدە قىيىن، ئاخىرىدا ئاسانلىشىدۇ.
ئوقۇغۇچى: ئۇنداقتا بىزگە ئاخىرىنى ئۆتۈپ بەرسىڭىز ئىكەن.

## تاپشۇرۇق ئىشلەش

ياسىننىڭ ھەر دائىم تاپشۇرۇقى خاتا بولۇپ چىقاتتى، بىر كۈنى مۇئەللىم ئۇنىڭ تاپشۇرۇقنى توغرا ئىشلىگەنلىكىنى كۆرۈپ ئالدىغا چاقىرتتى ـ دە، سورىدى:
ــ سەن بۇ قېتىم تاپشۇرۇقنى توغرا ئىشلەپسەن، بۇ قانداق گەپ؟ داداڭ ئىشلەپ بەردىمۇ ـ يە؟
ــ دائىم دادام ئىشلەپ بېرەتتى. ئاخشام دادامنىڭ ۋاقتى يەتمەي ئۆزۈم ئىشلىگەن ئىدىم.

## «مەن سەندىن چوڭ بولغاچقا»

پۇتبول ۋاسكىتبولغا مۇراجىئەت قىلدى:
— بۇرادەر، نېمە ئۈچۈن مەن دائىم تېپىلىمەنۇ، سەن دائىم ئۇرۇلىسەن؟
— چۈنكى مەن سەندىن چوڭ بولغىنىم ئۈچۈن.

## توي خېتى

بالىسى: دادا، قوشنىمىز توي قىلماقچىكەن، نېمىشقا قىزىل خاتىرە سېتىۋالىدۇ؟
دادىسى: ئەخمەق، ئۇ دېگەن توي خېتى، داداڭنىڭ ئەينى يىللاردا تېخى ئۇنداق نەرسىسى يوق ئىدى.
بالىسى: توي خېتى دېگەن نېمە؟
دادىسى: توي خېتى دېگەن كاپالەتنامە

يېزىش دېگەن گەپ.

بالىسى: ھە، دادام ئاپامنى دائىم ئېمىشقا ئۆرىدىكىن دېسەم، ئەسلىدە دادام توي قىلـغاندا ئانامغا كاپالەتنامە يېزىپ بەرمىسـكەن ئىكەن ـ دە!

## تېلېۋىزور كۆرۈش

بالىسى: دادا، مەن تېلېۋىزور كۆرىمەن.

دادىسى: بولمايدۇ، بۈگۈن توك توختاپ كەتتى. كۆرگىلى بولمايدۇ.

بالىسى: شام يېقىپ كۆرسەم بولمامدۇ؟

## «تۆت پەرزەنتلىك دەك»

ئانىسى: قىزىم، ئىدارىمىزدىن ئىككى پەرـزەنتى بارلارغا بېرىدىن ئويۇنچۇق بېرىدىكەن، سىزگە ئالغاچ كېلىمەن.

قىزى: ئۇنداق بولسا «مەن تۇت پەرزەنلىك» دەپ ئاكامغىمۇ بىر ئويۇنچۇق ئالغاچ كېلىڭ.

## ئوقۇغۇچىنىڭ جاۋابى

ئوقۇتقۇچى: تارىخ دەرسىدىن ئىمتىھان ئېلىۋېتىپ، ئازراقمۇ بىر نەرسە يازالماي ئولتۇرغان بىر ئوقۇغۇچىغا:

— ۋاقىت توشاي دەپ قالدى. تېخىچە يېزىپ بولالمايسەنغۇ؟ — دېدى كايىپ.

— شۇنداق بولىدۇ — دە، مۇئەللىم يېزىۋاتقىنىم نەچچە مىڭ يىللىق تارىخ تۇرسا، — دېدى ئوقۇغۇچى جاۋاب بېرىپ.

«تۇنۇگۈن ئۆيدە ئادەم يوق ئىدى»

— بىچارە بالا، نېمىگە يىغلايسەن؟

— ئىشىكنى ئىتتىرىشىمگىلا ئىشىك بېشىمنىڭ تېرىسىنى سويۇۋەتتى.

— مۇنداق قىلە مەن كۆرۈپ باقاي، قاچان شۇنداق بولدى؟

— تۈنۈگۈن ئاخشام.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا بۈگۈن يىغلايسەن؟

— تۈنۈگۈن ئۆيدە ئادەم يوق ئىدى.

## «ئاق ساقال»

بالىسى: ئانا، ماڭا چاچ بويىقى ئېلىپ بەرسىڭىز بولاتتى.

ئانىسى: چاچ بويىقىنى نېمە قىلاتتىڭ؟

بالىسى: دادام مېنى داۋاملىق «ئاق ساقال» دەيدۇ، شۇڭا چىقماي تۇرۇپ ئاقىرىپ كەتكەن ساقىلىمنى بوياۋالاي دەيمەنا.

## كىر ئالغۇنى توختىتىش

بالىسى: دادا، مەن رېمونت ئىشلىرىغا
خېلى پىشىپ قالغاندەك قىلىمەن، ئاپام
تۈنۈگۈن كىر ئالغۇنى توختىتالمىغان ئىكەن،
ئۇنى دەرھال توختىتىپ بەردىم.
دادىسى: قانداق قىلىپ؟
بالىسى: توك سىملىرىنى ئامبۇردا كېسىـ
ۋېتىپ.

## «تەقدىرنامەڭ قېنى؟»

بالىسى: دادا، ئاخشام ھەممە پەنلەردىن
100 نومۇر ئېلىپ «ئۈچتە ياخشى» ئوقۇغۇـ
چى بولۇپ چۈشەپ قاپتىمەن.
دادىسى: ئۇنداق بولسا تەقدىرنامەڭ
قېنى؟

بالىسى: چۈشۈمدە قالدى.

## «مەن ئوقۇغۇچى ئەمەس»

دادىسى: خۇمپەر! ئوقۇتقۇچى ساڭا ئادەم تىللىماسلىق كېرەك دەپ ئۈگىتىۋاتسا، نېمە ئۈچۈن يەنە ئادەم تىللايسەن؟
ئوغلى: سەن ھېلىلا تېخى مېنى تىللىدىڭغۇ؟
دادىسى: مەن ئوقۇغۇچى ئەمەس.

## بوۋاي ۋە نەۋرە

نەۋرىسى بوۋىسىدىن سوراپتۇ:
— ئادەمنىڭ كۆزى، قۇلىقى، قولى ئىككى بولىدىكەن. نېمە ئۈچۈن ئاغزى بىر بولىدۇ؟
بوۋىسى:

— ئادەملەرنىڭ كۆپ كۆرۈپ، كۆپ ئاڭلاپ، كۆپ ئىشلىشى ئاز گەپ قىلىشى ئۈچۈن، — دەپتۇ.

نەۋرىسى يەنە:

— بوۋا، ئۇنداقتا ئادەمنىڭ بېشى نېمە ئۈچۈن بىرلا بولىدۇ؟

— ئەگەر كاللا ئىككى بولسا، ساڭا ئوخشاش قالايمىقان ئويلارنى كۆپ قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ — دەپ.

— مېنىڭ بېشىم سىزگە ئىككى كۆرۈنۈۋاتامدۇ، بوۋا؟

## كىيىم ئالماشتۇرۇش

بىر شىركەتنىڭ كىيىم - كېچەك مودېلى دوستىغا دېدى:

— مەن يېڭىچە كىيىم - كېچەك كۆرگەزمە قىلىمەن، بىر كۈندە بەش قېتىم كىيىم

ئالماشتۇرىمەن.

بىر كىچىك ئوغۇل بالا بۇ گەپنى ئاڭلى-غاندىن كېيىن دېدى:

— بۇ يېڭىلىق ئەمەس، مېنىڭ سىڭلىم كۈندە 10 قېتىم كىيىم ئالماشتۇرىدۇ.

— سېنىڭ سىڭلىڭ قانچە ياشقا كىردى؟

— ئۈچ ئايلىق بولدى.

## «قانداق ئادەمنى...»

ئوغلى: ئانا، قانداق ئادەمنى «خوپ-خوپ» دەپ تۇرىدىغان ئادەم دەيدۇ؟

ئانىسى: ھە، ئاغزىدا دائىم «توغرا، توغرا، توغرا» دەيدىغان ئادەمنى، دادىسى، دېگىنىم توغرىمۇ؟

دادىسى: توغرا، توغرا، توغرا.

## «ئىككىنچى نۇسخىسى بولمامدۇ»

ئاچىسى ماتېماتىكا سوئاللىرىنى ئىشلەۋاتقان ئۇكىسىدىن سورىدى:
— ئۇكام، سەن دەپ باقە، ئانامىنىڭ ئانىسىنى نېمە دەپ ئاتايمىز؟
— ئۇنىمۇ بىلمەمدىغان، ئانامنىڭ ئىككىنچى نۇسخىسى بولمامدۇ؟

## «چوڭ دادام هايات ۋاقتىدا»

دادىسى: ئوغلۇم، بەش يۈەن بېرىپ تۇرساڭچۇ؟
بالىسى: يېنىمدا پۇل يوق.
دادىسى: پۇل يانچۇقۇڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟
بالىسى: چوڭ دادام هايات ۋاقتىدا

سىزمۇ شۇنداق دەيتتىڭىزغۇ؟

## «ئاڭلىيالمايمەن»

بىر كىشى قوشكېزەك بالىلارنىڭ دادىسىدىن سوراپتۇ:

— ئىككى بالا سىزنى تازا ئاۋارە قىلدىغۇ دەيمەن.

— بۇ ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس، — دەپتۇ بالىلارنىڭ دادىسى، — بىر بالام ۋارقىرغىلى تۇرغاندا ئىككىنچى بالامنىڭ غەلۋىسىنى ئاڭلىيالمايمەن.

## «باش كىيىمنى كىمگە ساتىسىز؟»

باش كىيىم تىكىپ ساتقۇچى ئۇستام ئۆز ئوغلىنىڭ يىللىق ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلىكىنى ئاڭلاپ، غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا:

— ئەگەر بارلىق ئادەم ساڭا ئوخشاش كاللا ئىشلەتمىسە، كاللىنىڭ نېمە كېرىكى،— دەپتۇ.

— ئەگەر كىشلەردە كاللا بولمىسا، سىز باش كىيىمنى كىمگە ساتىسىز،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوغلى.

### ھۈنەر ئۆگىنىش

— بالامغا بىرەر ھۈنەر ئۆگىتىپ قويسىڭىز؟ — دەپتۇ بىر كىشى ھېسامغا.

— بولىدۇ، ھەر ئايدا ئۆگىتىش ھەققى ئۈچۈن 90 يۈەن تۆلىسىڭىز بولىدۇ.

— ياھ، نېمە دېگەن قىممەت، 90 يۈەنگە بىر ئېشەك كەلمەمدۇ؟

— ئۇنداق بولسا شۇ پۇلغا ئېشەك ئېلىپ، ئېشىكىڭىزنى ئىككى قىلىۋېلىڭ، — دەپتۇ ھېسام.

## يولدىن ئۆتكەندە

ئالىم: سەن ھەمىشە بۇ يەردە تۇرۇپ نېمە ئىش قىلىسەن؟
بارات: ئانام مېنى يولدىن ئۆتكەندە ئېھتىيات قىلغىن، ماشىنىلار ئۆتۈپ بولغان-دىن كېيىن ئاندىن ئۆتكىن دېگەن ئىدى، بىراق مەن ئۇزاق ساقلىدىم. بىرەر ماشى-نىنىڭمۇ ئۆتكىنىنى كۆرمىدىم.

## كۆكلەك ئىزدەش

— سىڭلىم، نېمە ئىزدەۋاتىسەن؟
— ھېلىقى ئۇزۇن كۆكلىكىمنى!
— شۇنداق قارا قىشتا يازلىق كۆكلەك كېيەمتىڭ؟
چۈشتىن كېيىن ئىنگلىزچە ئىمتىھان

ئالاتتى!

ئۇزۇن كۆكلەك بىلەن ئىنگلىزچە ئىمتى-
ھانىنىڭ نىمە مۇناسىۋىتى بار؟

— ئۇزۇن كۆكلىكنىڭ ئۇستىدە 26
ئىنگلىزچە ھەرپ بار ئىدى.

## تېپىشماقنىڭ جاۋابى

بىر بالا تېپىشماق ئېيتىپ ھېسامدىن
جاۋابىنى سورىدى:

— بالىسى توي ئوينايدۇ، ئانىسى ئۆي
ساقلايدۇ، ئۇ نىمە؟

ھېسام تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى تەخىرسىز
تاپتى:

— ئۇ بىزنىڭ قوشنىمىز خاسىيەتخان
بىلەن ئۇنىڭ قىزى روزىگۈل!

## «جاۋابىمنى چۈشەنمەگەنلىكىدىن»

دادىسى: ئوغلۇم، ئەمتىھان نەتىجەڭنىڭ تۆۋەن بولۇشى مۇئەللىمىڭنىڭ سوئاللىرىنى چۈشەنمەگەنلىكىڭدىن بولغانمۇ قانداق؟

ئوغلى: ياق، بۇ مۇئەللىمنىڭ جاۋابىمنى چۈشەنمەگەنلىكىدىن بولغان.

## «مۈشۈكتىن سوراڭ»

بىر بالا ھېسامدىن سورىدى:

— ھېساماكا بىلەمسىز، بىر چاشقان ئوتتۇرا ھېساب بىلەن قانچىلىك ئۆمۈر كۆرەلەيدۇ؟

ھېسام دېدى:

— سىز بۇنى ئەڭ ياخشىسى مۈشۈكتىن سوراڭ!

بالا ھەيران بولۇپ سورىدى:

— نېمىشقا؟
ھېسام چۈشەندۈرۈپ دېدى:
— چۈنكى چاشقاننىڭ قانچىلىك ئۆمۈر كۆرۈشى مۈشۈكنىڭ ئىنسابىغا باغلىق.

## غەلىبە

ئابباس: ئىنىڭىزگە نېمە بولدى؟
بارات: ئۇ، كارۋاتتا يېتىپ قالدى! چۈنكى ئۇ جاراھەتلەنگەن.
ئابباس: تازىمۇ كېلىشمەسلىك بوپتۇ، نېمە ئىش بولغانتى؟
بارات: بىز ئويۇنىشىپ، كىم دېرىزىدىن بەدىنىنى ئەڭ كۆپ چىقىرالايدۇ دەپ بەسلەشكەن، نەتىجىدە ئۇ ئۇتۇپ چىقتى.

## يوشۇرۇن ئىسپادىلەش

ئاپالى ئۆلۈپ كەتكەن بىر بوۋاي قايتا

ئۆيلەنمەكچى بولۇپتۇ، لېكىن بۇنى بالىلىرىغا ئېيتىشتىن ئىزا تارتىپ، ئۇنى يوشۇرۇن ئىپادىلىمەكچى بولۇپتۇ - دە، ئوغلىغا:

— ئوغلۇم، كېچىسى يالغۇز ئۇخلاپ تۇڭۇپ قېلىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

ئوغلى دەرھال بىر چوڭ تاشنى قىزىتىپ خالتىغا سېلىپ ئەكىلىپ بېرىپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي بوۋاي يەنە ئوغلىغا:

— ئوغلۇم، دۈمبەم قىچىشىپ قالغاندا، قاشلاپ قويىدىغان ئادەم يوق بولۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

ئوغلى ئۇنىڭغا دۈمبە قاشلىغۇچ ئەكىلىپ بېرىپتۇ. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئوغلى توي قىلماقچى بولۇپ دادىسىغا بىۋاسىتە ئېيتالماي تاغىسى ئارقىلىق خەۋەر بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان دادىسى:

— ئۇنىڭغا خوتۇن ئېلىپ بەرمەي، قىزىتىلغان بىر خالتا تاش بىلەن دۈمبە شىلىغۇچ ئېلىپ بېرىڭلار، — دەپتۇ.

## ئۆزى قىلىش

ئابلىز: سەن مېنىڭ تاپشۇرۇقۇمنى كۆچۈر-
مەكچى بولساڭ، مەن ساڭا ياردەملىشىپ
كۆچۈرۈپ بېرەي.
بېلىقىز: ياق، مەن ئۆزۈم كۆچۈرەي، مۇئەل-
لىم بىزگە ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلىش كې-
رەك، دېگەن.

## «ياشاۋېرىدۇ»

ئابدىغىنى: ئىنسانلار ئۇچۇن ئەڭ قىممەت-
لىك نەرسە نېمە؟
بەختىيار: ئەلۋەتتە نان!
ئابدىغىنى: ياق، ئىنسانلار ئۇچۇن ئەڭ
قىممەتلىك نەرسە سۇ، چۈنكى سۇ بولمىسا
ئىنسانلار ياشىيالمايدۇ.

بەختىيار: ئىنسانلار سۇ بولمىسىمۇ چاي ئىچىپ ياشاۋېرىدىغۇ؟

## «قۇدۇق قازغانىدىچۇ؟»

دادىسى ئوغلىغا تەربىيە بېرىپ دېدى:

— ھەرقانداق ۋاقىتتا مەيۈسلەنمەي باتۇرانە ئالغا باس، نىشان بىر - بىرىدىن يۈكسەك بولۇش كېرەك. قانداق ئىش بىلەن شۇغۇللانساڭ، يۇقىرى پەللىگە چىقىشقا تىرىشىشىڭ لازىم.

بالىسى دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ دېدى:

— قۇدۇق قازغاندا قانداق قىلىمەن؟

## «مەن بولىمەن»

مۇئەللىم ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇستىدە

سۆزلەۋېتىپ ئابدۇرېشىت ئىسىملىك بىر ئوقۇ-
غۇچىدىن سوراپتۇ:
— سەن دەپ باقە، ئابدۇرېشىتخان كىم؟
— ئابدۇرېشىتخان مەن بولىمەن.

## سوراش

بالىسى دادىسىنىڭ ئىشخانىسىغا ۋارقىرى-
غىنىچە كىرىپ كېلىۋېدى، دادىسى ئاچچىقى
بىلەن بالىسىغا دېدى:
— مەن بىر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندا
كەپ سورىمىسام گەپ قىلما دېگەن ئىدىمغۇ؟
بالىسى يەرگە قاراپ تۇرۇپ دېدى:
— ئۇنداق بولسا، قايسى ئۆيگە ئوت كەتتى،
دەپ سورالا!

## «كۆرگەلى بولمايدۇ»

ئوقۇتقۇچى: قارىغا ئالغان ۋاقىتىدا نېمە

ئۇچۇن بىر كۆزنى يۇمۇۋېلىش كېرەكلىكىنى بىلەمسىز؟
ئوقۇغۇچى: ئەلۋەتتە بىلىمەن. ئەگەر ئىككى كۆزنى تەڭلا يۇمۇۋالسا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدۇ - دە!

## چولڭ

تۇرسۇن: مەن سىنىڭدىن چولڭ.
ئەكبەر: ياق، مەن سىنىڭدىن چولڭ، چۈنكى مەن ئاتا - ئانام توي قىلىپ بىر ئايغا قالماي تۇغۇلغان.
تۇرسۇن: ئۇ غۇ شۇنداق، لېكىن مەن ئاتا ئانام توي قىلماستىلا تۇغۇلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىنىڭدىن چولڭ.

## تەبىر بېرىش

- مەن تەبىئىيلىك بىلەن سۈنئىيلىكنىڭ

ئەمەلىيەتتە قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرمىدىم،— دېدى بىرەيلەن.

— ئېمىشقا كۆرمەيسەن، مەسىلەن، خان ئاچاڭنىڭ ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغان ۋاقتىدىكى كۆرۈنۈشى — تەبىئىيلىك، گىرىم قىلغاندىن كېيىنكى كۆرۈنۈشى — سۈنئىيلىك،— دېدى يەنە بىرسى.

## گەپ تالىشىش

ئاكىسى: ھە دېسىلا گەپ ياندۇرىسەن، بىلىپ قوي، مەن سېنىڭ ئاكاڭ، سەندىن ئىككى ئىشتاننى كۆپ يىرتقان.

ئۇكىسى: نەدىكى گەپنى قىلىسەن، ساڭا كىچىك كەلگەننى مەن كىيىپ يىرتتىمغۇ؟!

## ھېسابات

ئاتىسى باشلانغۇچتا ئوقۇيدىغان بالىسىنى

سناپ بېقىش ئۈچۈن:
— مەن ساڭا سەككىز ئالما بەرسەم ئۇنىڭ
ھەر ئىككىسىدىن بىرنى ئۇكاڭغا بەرسەڭ، ئۇ
چاغدا ئۇكاڭغا قانچىنى بەرگەن بولىسەن؟—
دەپ سوراپتۇ.
بالىسى جاۋاب بېرىپتۇ:
— بىرنى.
ئاتىسى: نېمە ئۈچۈن بىر بولىدۇ؟ سەن
ھېسابنى ئۆگەنگەنغۇ؟
بالىسى: مەنغۇ ئۆگەنگەن، بىراق ئۇكام
ئۆگەنمىگەن.

## جۇغراپىيە دەرسىدە

ئوقۇتقۇچى بىگىز بارمىقى بىلەن خەرىتە-
دىكى مەلۇم بىر جايىنى كۆرسىتىپ سورىدى:
— جامال، بۇ قەيەر؟
جامال: سىزنىڭ بىگىز بارمىقىڭىز تۇرغان

جايىنىڭ دەل ئۆزى.

## پەم

نەۋرىسى كىيىم قۇرۇتماقچى بوپتۇ، كىيىمنى تانىغا يېيىشنى ياخشى ئەمەس دەپ قاراپتۇ-دە، بىر تال خادىنىڭ ئۇچىغا ئىلىپ قۇرۇتماقچى بوپتۇ. چوڭ ئانىسى نەۋرىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىغان ئىكەن، نەۋرىسى:

— ھۆل كىيىم بىلەن قۇياشنىڭ ئارىلىقى يېقىنلاشسا، تېز قۇرۇيدۇ،— دەپتۇ.

## «قار ياغقان كۈنى»

— سەن «قار ياغقان كۈنى» دېگەن ماقالىنى نېمىشقا يازمىدىڭ؟

— مۇئەللىم، ھازىر ياز پەسلى بولغاچقا،

مەن قار ياغقان كۈنى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆلتۈپ قاپتىمەن.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا ئاتا - ئانىڭدىن سوراپ باقمىدىڭ؟

— سورىدىم، ئۇلار قار ياغقان كۈنى ماقالە يازغىلى بولمايدۇ، دەيدۇ.

— ھە، نېمە ئۈچۈن؟

— قار ياغقان كۈنى سوغۇق بولغاچقا قەلەمدىن سىيا چىقماسمىش.

## قانچە ئادەم قاتنىشىدۇ؟

— سلەرنىڭ سىنىپتا قانچە ئادەم ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە قاتنىشىدۇ؟

— مۇئەللىم بىلەن قوشقاندا 31 ئادەم.

— دېمەك، مۇئەللىم كەلمىگەندە 30 ئادەم قاتنىشىدىكەن - دە.

— ياق، مۇئەللىم كەلمىسە بىر ئادەممۇ كەلمەيدۇ.

## «نېمە ئېلىپ بېرەي»

ئۆتۈنتا لغۇدىن تانسا مۇزىكىسى چىقىش بىلەن تەلىۋ دادىسى:
— ئوغلۇم، داداڭغا دېسكو ئويناپ بەرگىنە، مەن ساڭا كەمپۈت ئېلىپ بېرەي، — دېدى.
— مەن كەمپۈت يېمەيمەن.
— ئۇنداقتا ساڭا نېمە ئېلىپ بېرەي؟
— مەن بىلەن بىللە تانسا ئوينايدىغان قىز ئېلىپ بەر، — دەپ جاۋاب بەردى ئوغلى.

## «رامكىنى بۇزۇپ تاشلاش»

بالىسى: دادا، سىز ئىشخانىڭىزغا «ھەر قانىداق سوۋغات قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېگەن خەتنى رامكىغا ئېلىپ ئېسىپ قويۇپسىز، تونو-

گۈن بىرسى ئېلىپ كەلگەن ھاراقنى نېمىشقا قوبۇل قىلىسىز؟
دادىسى: بۇ دېگەن «رامكىنى بۇزۇپ تاشلىغانلىق».

## بالىسىنىڭ قىزىقچىلىقى

— دادا، مەن تېلېۋىزورنى چۇۋۇپ يەنە يىغىۋاشتىن قۇراشتۇردۇم، ئىچكى قۇرۇلمىسىنى كۆرۈپ باقاي دېگەنتىم.
— خۇداغا شۈكۈر، زاپچاسلىرىنى يىتتۈرۈپ قويمىغانسەن؟
— ياق، ئۇن نەچچىسى ئېشىپ قالدى تېخى.

## چۈش

— بالا ئانىسىنى تىاتلىق ئۇيقۇدىن

ئويغا تتى:

— ئانا، مەن بىر ياخشى چۈش كۆردۈم.

— قېنى ئېيتىپ باقە.

ئوغلى تۈيۈقسىز چۈشنى ئۇنتۇپ قالدى:

— دەپ بېرەلمەيۋاتىمەن، سەن دەپ بەر.

— سېنىڭ چۈشىڭنى مەن قانداق دەپ بېرىسەن؟

— ئېمىشقا دەپ بېرەلمەيسەن؟ ئۇ يەردە سەنمۇ بارغۇ؟

«توخۇمۇ بىلىدۇ»

— بالام توخۇلار قوشنىلارنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەتمىسۇن، ئوبدان قارا.

— كىرمەيدۇ دادا، قوشنىلار بىلەن سو- قۇشۇپ قالغانلىقىمىنى توخۇلارمۇ بىلىدۇ.

## «مۇشۇك يەپ كەتتى»

بۇرۇتىنى پارقىرىتىپ چىققان ئەمەتاخۇن مەھەللىدىكىلەرگە لاپ ئۇرۇپ بىر نۇۋاتاتتى:

— بىززە، ئاغىنىلەر، كۈندە دېگۈدەك بۇ-رۇت چىلاشقۇدەك مايلىق تائام يەپ تۇرمى-ساق چىدىيالمايدىكەنمىز، بەزىلەر ھەپتىدە بىر قېتىممۇ قازان ئاسماي قانداق چىدى-يالايدىكىن؟

ئەمەتاخۇننىڭ ئوغلى ۋارقىراپ يۈگۈرۈپ كەلدى:

— دادا، دادا! بۇرۇتۇڭنى مايلايدىغان مايني مۇشۇك يەپ كەتتى!

## سالام بېرىش

— دادا، سىز دائىم كوچىدا يۈرگەنىدە

كىشىلەرگە سالام بېرىپ ئۆتۈش كېرەك،
دەپتىڭىز، ئۆزىڭىز سالام بەرمەيدىكەنسىزغۇ؟
— باشقىلار سالام بەرسە ئاندىن مەنمۇ
سالام بەرمەمدىمەن؟!

چۈشۈش ...

— سومكىڭىز چۈشۈپ قالمىسۇن يەنە!
— خاتىرجەم بولۇڭ، سىزنىڭ كۆزىڭىزلا
چۈشۈپ قالمىسا، بۇ سومكا ھەرگىز چۈشۈپ
قالمايدۇ.

كوچا سۈپۈرۈش

بالىسى: ئانا، تۇنۇگۈن بىر مۇنچە كىشى-
لەر كوچىلارنى تازىلىغانتى، بۈگۈن نې-
مىشقا تازىلىمايدۇ؟
ئانىسى: ۋاي ئەخمەق بالا، تۈنۈگۈن «مەدە-

نسيه تلىك، ئەدەبلىك بولۇش كۆلى» ئىدى-
دە!

## «مىلتىق لازىم»

دادىسى: بالام، ئانام ئەسكى دېگىنىە، سا-
ڭا كەمپۈت ئېلىپ بېرەي.
ئانىسى: بالام، دادام ئەسكى دېگىنىە، مەن
ساڭا ئالما ئېلىپ بېرەي.
بالىسى: ماڭا ئالما بىلەن كەمپۈت لازىم
ئەمەس، مىلتىق لازىم.
دادىسى: مىلتىقنى قانداق قىلىسەن؟
بالىسى: ئەسكى ئادەملەرنى ئېتىپ
تاشلايمەن!

## چۈشەندۈرۈش

قاسىم ئانىسىغا ئەگىشىپ مومىسىنىڭ ئۆيە-

گە باردى. ئاخشىمى ئۇخلاش ۋاقتىدا ئاپىسى چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتى، بىراق چىراغ ئۆچۈر-مەي ئۇخلاشقا ئادەتلىنىپ قالغان قاسىم ئانىسىغا:

— بىز ئۆيىمىزدە ئەزەلدىن چىراغ ئۆچۈ-رۈپ ئۇخلاپ باققان ئەمەسقۇ، ئەمدى بۇ-گۈن ئاخشام نېمىشقا ئۆچۈرىسەن؟— دېدى.

— بالام، بىز ئۆيىمىزدە زاۋۇتنىڭ توكى-نى ئىشلىتىمىز، بۇ ئۆيگە توك سائىتى ئورنى-تىلغان. شۇڭا چىراغ يېقىپ ئۇخلىساق، چوڭ ئاناڭ كۆپرەك پۇل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ.— دەپ چۈشەندۈردى ئانىسى.

## ئابستراكت رەسىم

گۈزەل سەنئەت دەرسىدە مۇئەللىم ئوقۇ-غۇچىلارغا بىر پارچىدىن ئابستراكت رە-سىم سىزىشنى تاپشۇردى.

— سەن قەغەزنى ئاقلا تاپشۇرۇپسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى مۇئەللىم بىر دەمدىن كېيىن بىر ئوقۇغۇچىدىن.

— مېنىڭ سىزغىنىم ئابستراكت رەسىم، مەن بىلىق سىزدىم، — دەپ جاۋاب بەردى ئوقۇغۇچى.

— قېنى ئۇ بىلىق؟

— بىرسى تۇتۇپ كەتتى.

— تۇتۇپ كەتكەن ئادەم قېنى؟

— ئۆيىگە كېتىپ قالدى.

«بىلىمەن»

— مۇشۇ كەمدىكى قىز باللار يىگىنە ئىشلىتىشنى بىلمەيدىكەن، — دېدى بوۋىسى نەۋرىسىگە كايىپ.

— مەن بىلىمەن، — دېدى نەۋرىسى، — بىر يىگىننى ئۇزاق مۇددەت ئىشلەتكەندىن

كېيىن يېڭىسىغا يەڭگۈشلەش كېرەك. ئۇنداق بولمىسا پاتنۇسنىڭ تەخسىسى بۇزۇلۇپ قالىدۇ.

### «بالىلارغا تەسىرى بولمامدۇ؟»

ساقچى: ئۆيۈڭدە باشقىلار بىلەن يىغىلىپ قىمار ئوينىغىنىڭغا قانچە يىل بولدى؟

جىنايەتچى: ئۈچ يىل.

ساقچى: بۇنداق قىلساڭ بالىلىرىڭغا تەسىرى بولمامدۇ؟

جىنايەتچى: تەسىرى بولمايدۇ، مېنىڭ ئىككى ئوغلۇمنى ئىككى يىل بۇرۇن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئېلىپ كەتكەن.

### «كارىڭ بولمىسۇن ...»

— دادا، قارىغىنا، ماۋۇ كىشى ياڭچۇققا

قول سىلىۋاتىدۇ.

— سىنىڭ كارىڭ بولمىسۇن، ئۇنداق ئىشـ
قا ھەرگىز ئارىلاشما.

— ياق! ئاختۇرۇۋاتقىنى سىنىڭ يانچۇـ
قىڭ ئەمەسمۇ؟

— ھە!

## ئالتۇن بۆلۈشۈش

ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن يەركولاۋاتسا، كوـ
لىغان يەردىن بىر پارچە ئالتۇن چىقىپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئاكىسى ئۇكىسىغا مۇنداق
دەپتۇ:

— ئۇكام، مېنىڭچە مۇنداق قىلايلى، بۇ
يەرنىڭ پەقەت ئۇچتىن بىر قىسمىنى كولـ
ۋېدۇق، بىر پارچە ئالتۇن چىقتى. مەيلى
مەن زىيان تارتقان بولاي، بۇ بىر پارچە
ئالتۇن ماڭا تەۋە بولسۇن. قالغان

كولانىغان بۇنۇچىن ئىككى قىسىم يەردىكى
ئالتۇننىڭ ھەممىسى سىنىڭ بولسۇن.

## توخۇ توغرىسىدا

بۇرۇنقى زاماندا، بىر ئوقۇغۇچى ئالىي
مەكتەپنىڭ پەلسەپە كەسپىنى پۈتتۈرۈپ
ئائىلىسىگە قايتىپ كەپتۇ. دادىسى ئۇنى تو-
خۇ ئۆلتۈرۈپ، مېھمان قىپتۇ. تاماق
ۋاقتىدا دادىسى ئوغلىدىن:
— سەن ئالىي مەكتەپتە نېمە ئوقۇدۇڭ؟ —
دەپ سوراپتۇ.
— پەلسەپە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ
ئوغلى.
— ئۆگەنگەن ئۇ نەرسەڭ نېمىگە ئىشلەيدۇ؟
— پەلسەپە ئۆگەنگەنلەرنىڭ مەسىلەرگە
بولغان قارىشى باشقىلارنىڭ قارىشى بىلەن
ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، بىزنىڭ مۇشۇ

شىرەدىكى بىر توخۇنى ئالساق، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ قارىشىدا بۇ بىر توخۇ، يەنى كونكرېت توخۇ، لېكىن بىز پەلسەپە ئۆگەت- كەنلەرنىڭ قارىشىدا، ئۇ ئىككى توخۇ، يەنى ئاشۇ كونكرېت توخۇدىن سىرت ئابستىرا- كىت توخۇمۇ بولىدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان سىڭلىسى تۇيۇقسىز:

— ئۇنداق بولسا بەك ياخشى ئىكەن، مەن بىلەن دادام بۇ كونكرېت توخۇنى يەيلى، سەن ئاشۇ ئابستىراكىت توخۇنى يە!— دەپ ۋارقىراپتۇ خۇشال بولۇپ.

«مەن بىلەن تەڭ»

— هەي بالا، دادالڭ قانچە ياشقا كىردى؟

— مەن بىلەن تەڭ.

— نېمە ئۈچۈن؟

— مەن تۇغۇلغاندىلا ئاندىن ئۇ ماڭا دا-
دا بولدى ئەمەسمۇ؟

## «ئالدىرىمىغان ياخشى»

بىر كۈنى ئىككى بالا ۋېلىسىپىت بىلەن
سىرتقا چىقىپ تاماشا قىلىشىۋېتىپ ئۇلاردىن
بىرسى تۇيۇقسىز:

— ئاپلا سائەت سەككىز بولۇپ قاپتۇ
ئەمەسمۇ؟ بىز دەرھال ئۆيگە قايتايلى، —
دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ياق ئالدىرىمايلى، — دەپتۇ يەنە بىر-
سى، — ئەگەر هازىر قايتىپ كەتسەك، ئۆي-
دىكىلەر بىزنى نېمانچە كەچ قالدىڭ دەپ
تىللايدۇ، ئەگەر سائەت ئوندا بارساق «شۇن-
چە قاراڭغۇدا هەر هالدا ساق - سالامەت
قايتىپ كەپسەن ئوغلۇم» دەپ خۇشال بولىدىكەن

قۇچاقلاپ كېتىدۇ، شۇڭا ئالدىرىمىغان ياخشى.

«كىنو كۆرگىلى كەتتى»

بىر قارىغۇ كوچىدا تىلەمچىلىك قىلىپ ئولتۇرغان ئىكەن، بىر بالا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ بىر تەڭگە تاشلاپ بېرىپتۇ. كىم بىلسۇن تەڭگە باشقا ياققا چاچراپ كېتىپتۇ، قارىغۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ بۇرۇلۇپلا تەڭگىنى ئېلىپتۇ.

— نېمە، سىز قارىغۇ ئەمەسمۇ؟— دەپ ۋارقىراپ تاشلاپتۇ ھېلىقى بالا ھەيران بولۇپ.

— داۋراڭ سالماڭ،— دەپتۇ قارىغۇ خاتىرجەم ھالدا،— ھەقىقىي قارىغۇ كىنو كۆرگىلى كەتكەن، مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بىردەم ئولتۇرۇپ تۇردۇم.

## «دادامنىڭ ئەدىبىنى كىم بېرىدۇ؟»

بىر كۈنى قوغۇن باققۇچى قوشنىسىنىڭ بالىسىنىڭ قوغۇنلۇققا كىرىپ ئوغرىلىقچە قوغۇن يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۇنى تازا بىر قورقۇتۇپ قويماقچى بولۇپ ياقىسىدىن ئاپتۇ-دە:

— ھە، تۇتتۇممۇ ئەمدى، سەن مېنىڭ قوغۇنۇمنى ئوغرىلاپ يېيىشكە قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟ داداڭغا ئېيتىپ ئەدىبىڭنى تازا بىر بەرگۈزۈپ قويمايدىغان بولسام،— دەپتۇ.

— ئۇنداقتا دادامنىڭ ئەدىبىنى كىم بېرىدۇ؟ قاراڭ، داداممۇ قوغۇنلۇقنىڭ ئۇ بېشىدا قوغۇن يەۋاتىدۇ،— دەپتۇ بالا خاتىرجەم ھالدا دادىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

## چاۋاك چېلىش

ئەمەت بىلەن سەمەت بىللە ئويۇن كۆر-
دى، ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەمەت
قىزغىن چاۋاك چالدى.

— بۇ ئويۇن قىزىق ئەمەسكەن، سەن نې-
مىشقا چاۋاك چالىسەن؟ — دېدى سەمەت
ھەيران بولۇپ.

— دېگىنىڭ توغرا دېدى ئەمەت،— چۈنكى
مەن ئۇنىڭ تۈگىگەنلىكىگە خۇشال بولۇپ
چاۋاك چالدىم.

## «تېلېسكوپ»

بىر ئوقۇغۇچى مۇئەللىمدىن سوراپتۇ:

— مۇئەللىم تەجرىبىخانىدىكى سىز ئىشلە-
تىدىغان تېلېسكوپتا ئاسماندىكى بارلىق نەر-

سىلەرنى كۆرگىلى بولامدۇ؟

— بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مۇئەللىم.

— بۈگۈن ئەتىگەن ئۆيىدىكى بىر كەپتەر ئۇچۇپ كەتتى. ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ ئىزدىشىپ بەرگەن بولسىڭىز؟...

## «ھەيران قالغۇدەك نېمىسى بار»

— كىچىك ئۇكاڭ نېمىشقا كۈن بويى توختىماي يىغلايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بىر كىچىك دوست يەنە بىر كىچىك دوستىدىن.

— بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نېمىسى بار؟ ئەگەر سېنىڭمۇ چىشىڭ، چېچىڭ بولمىسا، ماڭالمىساڭ، تەرەت قىلىشىڭغىمۇ باشقىلار ياردەملەشمىسە، سەنمۇ يىغلاشقا مەجبۇر بولىسەن — دە!

## «چىۋىن قونۇپ قاپتۇ»

بىر ئايال بازاردىن يېڭى گۆش ئەكىلىپ تاماق ئەتمەكچى بولۇپتۇ. بالىسى تالادىن كىرىپ گۆشكە بىر قانچە چىۋىن قونۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ گۆشنى تاشلىۋېتەپتۇ.

ئانىسى: گۆش قېنى؟

بالىسى: سەن چىۋىن قونغان نەرسىلەرنى يېمەسلىك كېرەك دېگەن ئىدىڭغۇ؟ ئۇنىڭغا چىۋىن قونغان ئىكەن، تاشلىۋەتتىم.

## «يولدىكى ماجىرا»

دادىسى: ئاخشام يەنە نەگە قاچتىڭ؟

ئوغلى: ئويۇن كۆرگىلى باردىم.

دادىسى: نېمە ئويۇنكەن ئۇ؟

ئوغلى: «يولدىكى ماجىرا»

دادىسى: مەن ساڭا ئۇرۇش ـ ماجىرا بول-
غان يەرگە بارما، دەپ نەچچە ئېيتتىم،
زادى گەپ ئاڭلىمىدىڭ، قاچان ئادەم بو-
لارسەن-تاڭ؟

«نېمە ئۈچۈن ئۆگىنىسەن؟»

دادىسى: قوزام، سەن نېمە ئۈچۈن
ئۆگىنىسەن؟
بالىسى: ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن.
دادىسى: سەن نېمە ئۈچۈن تاماق يەيسەن؟
بالىسى: ياشاش ئۈچۈن.
دادىسى: سەن نېمە ئۈچۈن ياشايسەن؟
بالىسى: تاماق يېيىش ۋە ئىمتىھان بې-
رىش ئۈچۈن.

«بەك جىددىي ئىكەن»

ئابدۇللا: ئاخشامقى كىنو ياخشىمىكەن؟

بەختىيار: ھەقىقەتەن بەك جىددىي ئىكەن.
ئابدۇللا: راستىما؟
بەختىيار: ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ-دە، چۈنكى مەن كىنوخانىغا بېلەت ئالماي قىستۇرۇلۇپ كىرىۋالغان تۇرسام.

## ئەقىل كۆرسىتىش

دادىسى: بالىغا دۇمباق ئېلىپ بەرگىنىڭ نېمىسى، خىزمىتىمگە دەخلى يەتكۈزىدىغان بولدى.
ئانىسى: ھەراست... ئۇنداق بولسا، چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، سىز ئۇخلاشقا ياتقانىدا چالسۇن.

## ئوقۇغان ئوغۇل

— ھەي تۇرسۇن، دادىڭ ئۆرە تۇرسا سەن

خىجىل بولماي ئولتۇرۇۋاپسەنغۇ؟
— ئوقۇغان ئوغۇل ئاتىسىدىن ئۇلۇغ دەيتتىمىزغۇ؟

## «يامان بولىدۇ»

— بالام، رەسىمنى ئۆيگە يولاتما يامان بولىدۇ.

— ئۇنداقتا يانچۇقۇڭدىكى پۇلدىمۇ رەسىم بارغۇ؟

— ئەخمەق، بۇ دېگەن پۇل.

## ياش ھېسابلاش

— خانىم، سىلى نېمىشقا ياشلىرىنى ئالتە ياش ئاز ھېسابلايلا؟

— مەن ئالتە ياش ۋاقتىمدا سانانى بىلمەيدىغان تۇرسام.

## كەچلىك تاماق يېيىشكە ئالدىراش

— ئاپا، تېلېۋىزوردا نېمىشقا تېخىچە بالىلارغا دائىر نومۇرلار چىقمايدۇ؟
— بۈگۈنكى باللار نومۇرلىرى كەچلىك تاماقتىن كېيىن چىقىدۇ.
— ئۇنداق بولسا بىز كەچلىك تاماقنى بۇرۇنراق يېمەيلىمۇ؟

## ئاغىنە

ئالىم: دەرسخانىدا كەمپۈت يەپ ئولتۇرغىنىمنى مۇئەللىمگە دەپ قويۇپسەن، سەندەك ئادەمنىمۇ ئاغىنە دېگىلى بولامدۇ؟
ئەسقەر: كەمپۈت يېگەندە ئاغىنىسىگە بەرمەي ئۆزى يېگەن ئادەمنىمۇ ئاغىنە دېگىلى بولامدۇ؟

## تىياتىر بىلىتى

تىياتىرخانىدا ئىككى ساۋاقداش ئۇچ-
رىشىپ قاپتۇ.

ئادىل: ئاداش، سەنمۇ تىياتىرغا كەلدىڭمۇ؟

پۇرقەت: مەنمۇ ساڭا ئوخشاش كىلەلەي-
مەن - دە!

ئادىل: قانداق كەلدىڭ؟

پۇرقەت: دادامنىڭ بىلىتىنى ئېلىپ كەلدىم.

ئادىل: داداڭچۇ؟

پۇرقەت: ئۆيدە بىلىتىنى ئىزدەپ قالدى.

## «قەيەردە تۇرىدۇ»

بىر ئوقۇغۇچى دەرس ئۆتۈۋېتىپ ئۆزىنىڭ
نۆۋەتچى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئاپتۇ - دە، بىر
ئوقۇغۇچىنى ئىشخانىغا بۇيرۇپتۇ.

— سىز ئىشخانىڭىزغا كىرىپ سائەتنىڭ چوڭ تىلى ۋە كىچىك تىلى قەيەردە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چىقىڭ.

ئوقۇغۇچى بىر دەمدىن كېيىن قايتىپ چىقىپ:

— چوڭ تىلى بىلەن كىچىك تىلىنىڭ ھەر ئىككىلىسى سائەتنىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## ئوخشاشلىق

— سىزنىڭ ئىتنى تەسۋىرلەپ يازغان ماقالەڭ ئاكاڭىزنىڭ ماقالىسى بىلەن ئوخشاش يېزىلىپ قاپتۇ، بۇ قانداق ئىش؟

— چۈنكى، بىزنىڭ تەسۋىرلىگىنىمىز ئوخشاشلا بىر ئىت - دە!

## «يەۋاتقىنىم نان ئەمەس»

ئوقۇتقۇچى: بۈ دېگەن دەرس ۋاقتى، نان يېمەي تۇلتۇر.

ئوقۇغۇچى: يەۋاتقىنىم نان ئەمەس، سۆت كەمپۈت.

## مۇۋاپىق سوئال

ئانىسى: باش بارمىقىڭنى ئاغزىڭغا سالما.

ئوغلى: ئەمىسە قايسى بارمىقىمنى سالاي؟

## «بىلمەيمەن»

— مەكتەپتە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان سۆز نېمە؟

— بىلمەيمەن، ھۆرمەتلىك مۇئەللىم.

— يارايسەن، دەل تاپتىڭ.

## «سىڭىپ كېتىدۇ»

ئۇكىسى: ئاكا، نېمە ئۈچۈن پاسكىنا سۇ- نى كىشىلەرنىڭ ئىشىك ئالدىغا چاچىسەن؟

ئاكىسى: كېرەك يوق، بىر ئازدىن كېيىن ئوچاقتىكى كۈلنى تۆكۈپ قويسام سىڭىپ كېتىدۇ.

## قول باغلاشماسلىق

— مەن ھازىردىن باشلاپ بىر كىم بىلەن زادىلا قول باغلاشمايمەن.

— نېمە ئۈچۈن؟

— تۈنۈگۈن مېنىڭ ئىككى دوستۇم مۇزكال- تەك يېيىش توغرىلىق قول باغلىشىپ، بىرسى دوختۇرخانىغا كىرىپ قالدى.

— مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا قول باغـلاشما يدىـ
غان بولدۇڭمۇ؟ ئىشەنمەيمەن.
— ئىشەنمەمسەن، ئۇنداقـتا كەل ئىككىـمىز
قول باغلىشىپ كۆرەيلى!

## بىغەرەز

— هوي بىغەرەز، نېمانداق ئۇرسەن؟
— سىز ئۇرسىڭىز، مەن ئۇرماتتىم؟
— مەن دېگەن ئانالڭ.
— سىز دائىم، «كىم سېنى بىرنى ئۇرسا،
سەنمۇ بىرنى ئۇر» دەيتتىڭىزغۇ؟!

## سېرىق قۇشقاچ

بالا: سالام خانىم! قېچىپ كەتكەن سېرىق
قۇشقىچىڭىزنى ئېلىپ كەلدىم، سۆيۈنچە بېرەر-
سىز؟

خانىم: قۇشقىچىمنى ئېلىپ كەلمەي، مۇشۇك ئېلىپ كەپسەنغۇ؟
بالا: سېرىق قۇشقاچ مۇشۇ مۇشۇكنىڭ ئىچىدە بار.

## «ئادەم قېرىغاندا...»

بالىسى: دادا، بوۋامنىڭ كىيىمى بەك كونىراپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ كىيىمىنى نېمە ئۈچۈن يېڭىلاپ قويمايسىز؟
دادىسى: سەن نېمىنى بىلىسەن؟ ئادەم قېرىغاندا ياسىنىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

## دادىسىنىڭ غەزىپى

ئوقۇتقۇچى بىر ئوقۇغۇچىدىن نېمە ئۈچۈن تاپشۇرۇقنى ئىشلىمىگەنلىكىنى سورىدى:
— دادىڭ ياردەم قىلالمامدۇ - يە؟

— قىلالايدۇ، ئەمما خالىمايدۇ. ئۇ ئىشلەپ بەرگەن تاپشۇرۇققا سىز قويغان تۆۋەن نو- مۇر ئۇنىنى تېرىكتۇرۇپ قويدى.

## «دائىم چەكمەيمەن...»

ئۇنى: ئائىلىسام تاماكا چېكىدىكەنسەن! كىچىكلا تۇرۇپ نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ سېنى بىر ئەدەبلەپ قويمىسام بولمىغۇدەك.

بالىسى: دائىم چەكمەيمەن دادا، ھاراق ئىچكەن چاغلىرىمدا چېكىپ قويمەن.

## قايسى يىراق

— دادا، ئاي يىراقمۇ، بېيجىڭمۇ؟

— نېمە دەيدىغانسەن بالام، بېيجىڭ يىراق بولماي ئاي يىراق بولامتى؟

— نېمە ئۇچۇن بېيجىڭ يىراق دەيسەن؟

ـ ئاينى قاراپلا كۆرگىلى بولىدۇ، بېيجىڭـ
نى كۆرگىلى بولمايدۇ ـ دە!

## تەل

ئا: سەن ئېمىشقا ئاجۇيجاڭنىڭ بالىسىنى ئۇردۇڭ؟

ب: ئۇ ئۇرسا مەن ئۇرماتتىم؟

ئا: سەن ئاجۇيجاڭنىڭ يۈزىنىڭ قانچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟

ب: قىزىق گەپ قىلىدىكەنسەن. ئاجۇيجاڭـ
نىڭ يۈزى دادامنىڭ يۈزى بىلەن تەڭغۇ؟!

## «بەك ناچار»

ئاتىسى: سىلەرگە تارىخ دەرسى ئۆتىدىغان مۇئەللىمنىڭ سەۋىيىسى قانداقراق؟

ئوغلى: بەكلا ناچار.

ئاتىسى: سەن قانداق بىلىسەن؟

ئوغلى: مۇئەللىم دەرس ۋاقتىدا دائىم بىزدىن بىر نېمىلەرنى سورايدۇ...

## ئېھتىيات قىلىش

ئانىسى: يەۋاتقىنىڭ نېمە؟

قىزى: ئالما.

ئانىسى: ئېھتىيات قىلىپراق يېگىن، ئىچىدە قۇرت بولمىسۇن يەنە؟

قىزى: خاتىرجەم بولۇڭ ئانا، مېنىڭ چىشىم خېلى ئۆتكۈر، قۇرت ئۆزىنىڭ يانچىلىپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىشى كېرەك تېخى!

## سوئالغا جاۋاب

مۇئەللىم: قانداق نەرسىنىڭ ئىككى مېڭىسى، ئالتە پۇتى، بىر قۇيرۇقى بولىدۇ؟

ئوقۇغۇچى: ئاتقا مىنىپ كېتىۋاتقان ئادەمــ
نىڭ.
مۇئەللىم: قانداق نەرسە داۋاملىق يۇقىرى
ئۆرلەپ ھەرگىز تۆۋەن چۈشمەيدۇ؟
ئوقۇغۇچى: ئادەملەرنىڭ يېشى.
مۇئەللىم: نېمە ئۈچۈن پاكار ئادەمــلەرگە
قارىغاندا ئېگىز بويلۇق ئادەمــلەر ھاۋارايى
خادىمى بولۇشقا بەكمۇ مۇناسىپ؟
ئوقۇغۇچى: چۈنكى ئېگىز بويلۇق ئادەملەر،
پاكار بويلۇق ئادەملەرگە قارىغاندا يامــغۇر
ياغقاننى بالدۇر سېزىدۇ.

## يېڭى «ئۈتكۈزگۈچ»

ئوقۇتقۇچى: توك ئۆتكۈزگۈچ دېگەن نېمە؟
ئوقۇغۇچى: توك ئۆتكۈزەلەيدىغان ماددا.
ئوقۇتقۇچى: مىسال بىــلەن چۈشەندۈرۈپ
بېرەلەمسىز؟

ئوقۇغۇچى: مەسىلەن، كۆنجۈت مېيى، ئو-يۇن بىلىتى، خاسىك، ئالما قاتارلىقلار ئۆت-كۆزگۈچ بولالايدۇ.
ئوقۇتقۇچى: بۇ نەرسىلەر قانداق ئۆتكۈز-گۈچ بولالىسۇن؟
ئوقۇغۇچى: چاتاق يوق، بىزنىڭ ئۇ يەردە، ھەر قېتىم توك كەتكەندە، توك بىلەن تەمىن-لەش ئىدارىسىغا ئاشۇ نەرسىلەرنى ئاپارساق، دەرھال توك بېرىدۇ.

## «دادىسى بولسىمەن»

مەلۇم بىر جايدا قاتناش ۋەقەسى يۈز بېرىپتىكەن. كىشىلەر بۇ جاينى بەكمۇ زىچ ئورىۋاپتۇ، تاماشا كۆرۈشكە ئامراق بىر كىشى بۇ يەرگە باشقىلاردىن كېيىنرەك كەلگەن بول-غاچقا، ھەر قانچە قىلىپمۇ توپنىڭ ئارىسىغا كىرەلمەپتۇ - دە، باشقىلارنى چەيىنكى بىلەن

ئىتتىرىپ ۋارقىرىغىنىچە تۇرۇۋېتىپتۇ:
— ھەي خالايىق، ماڭا يول بېرىڭلار، مەن كىرىۋالاي، مەن ئۆلگۈچىنىڭ دادىسى بولىمەن!
خالايىق ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇنىڭغا يول بېرىپتۇ، ھېلىقى ئادەم كىشىلەر ئارىسىدىن قىستىلىپ كىرىپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپتۇ، يەردە ياتقىنى ئادەم ئەمەس، ئۆلگەن ئېشەك ئىكەن.

## «ياشلىقىمدا ئاشخانىدا ئىشلىگەن»

— دادا، خەقلەرنىڭ «تەخسىكەش» دېگىنى نېمە دېگىنى؟
— باشقىلارغا يېقىنلىشىۋېلىپ، ئاق - قارىنى ئايرىماي، شۇلارنىڭ دېپىنى چېلىپ نەپ ئالغۇچىلارنى تەخسىكەش، دەيدۇ.
— ئۇنداقتا، خەقلەر مېنى تەخسىكەشنىڭ بالىسى، دەيدىغۇ؟

— هە، مەن ياشلىقىمدا ئاشخانىدا ئىشـ
لىگەن.

باھانە

بىر قىزچاق ئۆزىنىڭ قىز دوستىغا:
— قەدىرلىك دوستۇم، سىنىڭ ئىككى مۇ-
شۇكۇڭ بار ئىكەن، بىرنى ماڭا خاتىرە قى-
لىپ بىرىۋەتسەڭ، مەن ئۇنى ناھايىتى ئوب-
دان باقاتتىم، — دىدى.
— ساڭا قانداق رەڭلىك مۇشۇك بەرسەم
بولىدۇ؟
— ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئاق رەڭلىكنى
بەرسەڭ.
— بولمايدۇ، ئۆزۈم ئاق مۇشۇكنى بەك
ياخشى كۆرىمەن.
— ئۇنداقتا، قارا مۇشۇك بولسىمۇ مەيلى.
— مەنغۇ بىرەتتىم، لىكىن ئانام ماڭا «ئۆ-

زۇك ياخشى كۆرمىگەن نەرسىنى باشقىلارغىمۇ ھەرگىز بەرمىگىن» دېگەن.

## مۇرەككەپ مەسىلە

مۇئەللىم 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسىدىن سورىدى:

— ئالتىنى ئىككىگە بۆلسەك نەچچە بولىدۇ؟

ئوقۇغۇچى جاۋاب بېرەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن مۇئەللىم باشقىچە بىر ئۇسۇل بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— مەسىلەن، دادىڭ ساڭا ئالتە دانە ئالما بەرسۇن، سەن ئۇنىڭ يېرىمىنى ئۇكاڭغا بەرگىن، ئۇنداقتا قولۇڭدا يەنە نەچچە ئالما قالىدۇ؟

— مەن ئۆزۈمگە تۆتىنى ئېلىپ قالىمەن، ئۇكام كىچىك بولغاندىكىن ئۇنىڭغا ئىككىنى بەرسەممۇ بولىدۇ.

## شەپەق

ئىككى دوست كۆرگەزمىدە بىر رەسىمنى تاماشا قىپتۇ.

ئا: قارىغىنا، بۇ ئەتىگەنكى شەپەقمۇ ياكى كەچكى شەپەقمۇ؟

ب: جەزمەن كەچكى شەپەق.

ئا: نېمىشقا؟

ب: بۇنى سىزغان رەسسامنى تونۇيمەن. ئۇ ئەزەلدىن ئەتىگەن تۇرۇپ باقمىغان.

## سۇ ئىچىش

— سەھەت، سۇنى نېمانچە كۆپ ئىچىسەن؟

— ھېلىراقتا بىر ئالما يېگەنتىم.

— ئالمىنىڭ سۇ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

— ئۇ ئالما بەك پاسكىنا ئىكەن سۇ ئىچىپ يۇيۇۋېتەي دەيمىنا.

## «قانداق ئادەم بولىسەن»

دادىسى: چوڭ بولغاندا قانداق ئادەم بولىسەن؟

بالىسى: كەپسىز ئادەم بولىمەن.

دادىسى: نېمىشقا؟

بالىسى: مەن دائىم ئانامنىڭ ياۋاش ئادەم زىيان تارتىدۇ، دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ تۇرىمەن ئەمەسمۇ؟

## تۇمانلىق شەھەر

ئا: ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، لوندون دۇنيا بويىچە ئەڭ تۇمانلىق شەھەر ئىكەن.

ب: خاتا، لوندوندىمۇ تۇمانلىق شەھەر

بار.

ئا: ئۇ نەدە؟

ب: ئۇ شۇنچىلىك تۇمانلىق شەھەركى، نەدىلىكىنىمۇ بىلىپ بولمايدۇ.

## «بەكمۇ خارلاپتۇ»

ئا: مەن ئائىلىمىزدە پەقەت بىرلا ئوغۇل، شۇڭا ئاتا- ئانام مېنى يېمەكنى يېگۈزۈپ، كىيىمكەنى كىيگۈزۈپ چوڭ قىلدى.

ب: ياپىر، بەكمۇ خارلىنىپسەن، بىز ئائىلىمىزدە يېمەكنى ئىت - ئېشەككە يېگۈزىمىز، كىيىمكەنى تىلەمچىلەرگە سادىغا قىلىۋېتىمىز.

## پاكىت

ئوقۇتقۇچى ھاراقنىڭ زىيىنىنى ئەمەلىي

مسال ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا چۈشەندۈر-
مەكچى بولۇپ، بىر بوتۇلكا هاراقىا بىر
قۇرتنى تاشلاپتۇ. قۇرت شۇ هامان ئۆلۈپتۇ.
— ساۋاقداشلار بۇ نېمىنى چۈشەندۈرۈ-
دۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئوقۇتقۇچى.
— بۇ، ئادەم هاراق ئىچسە ئىچىدە قۇرت
بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ،— دەپ
جاۋاب بېرىپتۇ ئوقۇغۇچىلار.

## شىپالىق دورا

ئاكىسى: ئۇكام، مېنى تېزراق دوختۇرخا-
نىغا ئېلىپ بارغىن، بەك بىئارام بولۇپ
كېتىۋاتىمەن.
ئۇكىسى: ئاكا، ئۆزۈڭنى قانداقراق
هېس قىلىۋاتىسەن؟
ئاكىسى: خۇددى بىر نەچچە چاشقان ئى-
چىمگە كىرىۋېلىپ غاجاۋاتقاندەك هېس

قىلىۋاتىمەن.

ئۇكىسى: ئۇنداق بولسا مەن ساڭا دادام تۇنۇگۈن ئەكەلگەن چاشقان يوقىتىش دورىسىنى ئەكىلىپ بېرەي. ئۇ چاشقانلارنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋەتسىلا ئوڭشىلىپ قالىسەن.

## يەر

دادىسى تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقاندا، رۇستەم ئېلىپبە كىتابىنى كۆتۈرۈپ دادىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— دادا، بۇ نېمە خەت؟ — دەپ سوراپتۇ «يەر» دېگەن خەتنى قولىدا كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— دادىسى خەتكە بىر قارىۋېلىپ دەپتۇ:

— تۆۋەنگە قارا، نېمە تۇرىدۇ؟

— پۇتۇم تۇرىدۇ.

دادىسى زېرىكمەستىن سوراپتۇ:

— پۇتۇق قەيەرگە دەسسەپ تۇرىدۇ؟
— سىمونتقا.
دادىسىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، رۇستەمنىڭ كاچىتىغا بىر تەستەك سالپتۇ — دە، دەپتۇ:
— ھەقىقەتەن دۆت ئىكەنسەن! سىمونتنىڭ ئاستىدا نېمە بارلىقىنى تېز دېگىن!
— سىمونتنىڭ ئاستى تەرىپىدە ئەخمەتنىڭ ئۆيى بار، ئۇنىڭ ئاستىدا ئەكرەمنىڭ ئۆيى بار... دەپ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا جاۋاب بېرىپتۇ رۇستەم.

## «تاش يۈرەك»

دادىسى: ئوغلۇم، ئادەمنىڭ قايسى ئەزاسى ئەڭ قاتتىق بولىدۇ؟
ئوغلى: يۈرىكى.
دادىسى: قانداقچە يۈرەك قاتتىق بولسۇن؟

ئوغلى: ئانام سىزنى دائىم «تاش يۈرەك» دەيدىغۇ؟!

## «ئۇ بۇنى بىلەمدۇ»

بالىمىز سەمى بەش ياشقا كىرگەندە بىز ئۇنى چوڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارغان ئىدۇق. بىز ھويلىدا ئۇزۇم يەپ ئولتۇرغاندا، بىر ھەرە كېلىپ ئەتراپىمىزدا ئۇچۇپ يۈرگىلى تۇردى. سەمى قورقۇشقا باشلىدى.

— سەمى، ئۇ ھەرە سەندىن قورقۇۋاتىدۇ، — دېدىم ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ، قارا، سېنىڭ بېشىڭ ئۇنىڭ بېشىدىن چوڭ تۇرامدۇ، مۇبادا ئۇ كېلىپ سېنى چاقسا ئۆزى ئۆلىدۇ.

سەمى بىردەم ئويلاپ تۇرۇپ قالدى-دە، دېدى:

— ئۇ بۇنى بىلەمدۇ؟

## دادا ـ بالا

ئوغلى: دادا سەن قوۋرامىڭغا يەتتىڭغۇ ـ ھە؟

دادىسى: ئەلۋەتتە شۇنداق، ئوغلۇم.

ئوغلى: مەنمۇ پات ئارىدا قوۋرامىمغا يېتەمەنمۇ؟

دادىسى: ساڭا تېخى 10 — 15 يىل بار.

ئوغلى: ئۇ چاغدا مەن قىلماقچى بولغان ھەممە ئىشلىرىمنى قىلالايمەن ھەمدە بەزى ئىشلارنى ئانامدىن سورىشىم ھاجەتسىز، شۇنداققۇ؟

دادىسى: ئوغلۇم، بۇ جەھەتتە تېخى مەنمۇ قوۋرامىمغا يەتمىدىم...

## جۇرئەتنىڭ سەمىمىيلىكى

ئوقۇتقۇچى: ئەھۋال ئىگىلەشكە ئاسا

لانغانـدا، دەرس ۋاقتـدا ئاز سانـدىكى ساۋاقداشلار ئىنتىزامغا رىئايە قىلـماي پا- راڭ سالىدىكەن، باشقا ئىشلاربىلەن شۇغۇل- لىنىدىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە سىزمۇ بار.

جۇرئەت: مەن يوق!

ئوقۇتقۇچى: سىز راستىنلا ئىنتىزامغا خى- لاپلىق قىلمىدىڭىزمۇ؟

جۇرئەت: راست، مەن دەرس باشلىنىش بىلەنلا ئۇخلاپ قاپتىمەن.

## چۈشەنچە

ئانىسى: سابىر، بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى، ئارقا ئىشىكتىلا ئەكىپ يۈرىسەنغۇ؟

سابىر: ئانا، مۇئەللىم بىزگە «ئارقا ئى- شىك توغرىسىدا كىچىك مۇلاھىزە» دېگەن تېمىدا ماقالە يېزىڭلار، دېگەنتى، مەن ئار- قا ئىشىكتىن ماڭغان چاغىدىكى كەيپىيات

توغرىسىدا چۈشەنچە ھاسىل قىلىشۋاتىمەن.

## كېيىن ئېيتىپ بېرىش

ئەسقەر: دادا، «ئارقىغا سوزۇش» دېگەن گەپنىڭ مەنىسى نېمە؟
دادىسى: مەن كېيىن ئېيتىپ بېرەي.

## «ئەگەر دادام بىلگەن بولسا...»

ئانا بەش ياشلىق قىزىنى ئۇستەلگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ مىدىرلىماسلىقنى جېكىلەپتۇ. چۈنكى ئۇ بەك ئەركە ئىكەن. ئۇ بىر ئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن توساتتىنلا مۇنداق دەپتۇ:
— ئانا، ئەگەر دادام سېنىڭ مۇنداق قىلىدىغانلىقىڭنى بىلگەن بولسا، سەن بىلەن توي قىلمىغان بولاتتى.

## نەتىجە

ئىككى ساۋاقداش بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ ماتېماتىكىدىن ئىمتىھان بېرىپتۇ. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مۇئەللىم ئىمتىھان نەتىجىسىنى ئېلان قىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بۇ ئىككى ساۋاقداشنىڭ نەتىجىسىدىكى پەرق چوڭ ئىكەن. نەتىجىسى تۆۋەن ئوقۇغۇچى نارازى بولغان هالدا دەپتۇ:

— مۇئەللىم، ئىمتىھان سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋابىم سەمەتنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئەجەبا، نەتىجە ئوخشاشماي قاپتىغۇ؟

— جاۋاب ئوخشاشقان بىلەن، سىزدىن ئۆرگەن ئەجرىڭلار ئوخشىمايدىكەن،— دەپ مەنىلىك جاۋاب بېرىپتۇ مۇئەللىم.

## يالغان سۆزلەشنى بىلمەيدىغان بالا

قەرز ئىگىسى قەرزدارنىڭ ئىشىك قوڭغۇ-
رىقىنى جىرىڭلىتىپتۇ. ئىشىك ئۆتمەيلا بىر
كىچىك بالا چىقىپتۇ:
— تاغا نېمە ئىشىڭىز بار؟
— ئوغلۇم، داداڭ قايتىپ كەلدىمۇ؟
— ياق، تېخى قايتىپ كەلمىدى.
— يالغان سۆزلەۋاتقانسەن؟
— ياق تاغا، مەن يالغانسۆزلەشنى بىل-
مەيمەن، ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز ئۆيگە كىرىپ
دادامدىن سوراپ بېقىڭ.

## مېھمان كەتكەندىن كېيىن

بالىسى مەكتەپتىن كېلىپلا دېدى:
— دادا، بۈگۈن ئىدىيە - ئەخلاق ئىمتى-

ھانىدا ئەجەب ئوڭاي سوئال چىقىپتۇ.
— قانداق سوئالكەن ئۇ؟
— «ئۆيىڭىزگە مېھمان كېلىپ كەتكەندە قانداق قىلىسىز؟» دېگەن سوئال.
— سەن قانداق جاۋاب بەردىڭ؟
— مېھمانلاردىن ئاشقان - تاشقاننى يەيمەن، — دەپ.

### ئۆتۈنۈپ بېرىش

ئوقۇتقۇچى:
— ساۋاقداشلار، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش — ھەر بىر ساۋاقداشنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى. ھازىر مەن بىر سوئال سورايمەن. ئەگەر سىلەر داداڭلار بىلەن كوچا ئاپتوبۇسىغا چىققاندا، پەقەت بىرلا بوش ئورۇن بولسا قانداق قىلىسىلەر؟ قېنى، پازىل سىز جاۋاب بېرىڭ!

— مەن دادامغا ئۆتونۇپ بېرىمەن.
— ناھايىتى ياخشى.
— ئاندىن مەن دادامنىڭ قوچقىمغا چىقىپ ئولتۇرىمەن.

## ئوچۇق ئىمتىھان

ئوقۇتقۇچى سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارغا:
— ساۋاقداشلار، ئەتە ئوچۇق ئىمتىھان ئېلىنىدۇ. شۇڭا لازىملىق كىتاب - ماتېرىيال قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىمتىھان مەيدانىغا ئېلىپ كىرسەڭلار بولۇۋېرىدۇ،— دەپتۇ.
ئوقۇتقۇچى سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولغۇچە بىر ئوقۇغۇچى ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ - دە، ئۈنلۈك ئاۋازدا:
— ناھايىتى ياخشى گەپ كەن بۇ، ئۇنداقتا مەن دادامنى ئېلىپ كېلىمەن، — دەپتۇ.

## «ئىپادىڭىزگە قارايمەن»

ئانىسى: ئوغلۇم، سەن ئادەتتىكى ۋاقىتتا قايسى ئىشتىن ئەڭ خۇشال بولىسەن؟

ئوغلى: ئادەتتە مەن سىزنىڭ ئىپادىڭىزگە قارايمەن.

ئانىسى: نېمە ئىپادە؟

ئوغلى: ئەگەر سىز سىرتتىن كىرگەندە سومكىڭىزدا كەمپۈت، ئالما قاتارلىق تاتلىق-تۈرمىلەر بولسا، مەن ئىنتايىن خۇشال بولىمەن.

## ۋەدىسىدە تۇرماسلىق

دادىسى: ئوغلۇم، سەن ماڭا ياخشى ئوقۇيمەن دەپ ۋەدە بەرگەن ئىدىڭغۇ؟

ئوغلى: شۇنداق، دادا.

دادىسى: ۋەدەڭدە تۇرمىساڭ سېنى ئۇرـ
مەن دېگەن ئىدىمغۇ؟
ئوغلى: شۇنـداق دادا، مەن ۋەدەمدە تۇرـ
مىـغانىدىكەن، سىزمۇ ۋەدىڭىزدىن يېنىۋېلىڭ.

## ئويۇنچۇق دۇكىنىدا

ئويـۇنچۇق دۇكىنـىدا بىر كىچىـك بـالا
دادىسىغا يالۋۇرۇپ:
ــ دادا، ماڭا بىر پاراخوت ئېلىپ بېرـ
ڭا؟ ــ دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دادىسى ئۇنىڭـ
غا ئويۇنچۇق پاراخوتتىن بىرنى ئېلىپ بېرىپـ
تۇ. بۇ ۋاقىتتا ياندا قاراپ تۇرغـان يـەنـە
بىر كىچىك بالا:
ــ تاغا، ئەمدى سىز ئۇنىڭغا بىر دېڭىـز
ئېلىپ بېرىڭ! ــ دەپتۇ.

## يىغىنغا قاتنىشىش

— يىغىن باشلىنىپ بولدى، زالغا كىرگەندە ئاستىراق ماڭارسىز.
— نېمىشقا؟
— ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى ئۇخلاپ قال-
دى.

## «ھاماقەت» ئانا

— مىنىڭچە، ئانام بالا بېقىشنى تازا بىل-
مەيدىكەن.
— قانداق دەيسەن؟
— مەن ئويغاق چاغدا ئۇخلا، دەپ كارىۋاتقا چىقىرىپ قويىدۇ، ئۇخلاۋاتقان چېغىمدا تۇۋ-
لاپ ئويغىتىۋېتىدۇ.

## قىزچاقنىڭ ئارزۇسى

بالىلار باغچىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بالىلارنى ئۇسسۇلىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇز ساپنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلاردىن قانداق تەسىرات ئالغانلىقىنى سورىغان ئىكەن، بىر قىزچاق:

— ئەگەر ئارتىس ئاچاشىنىڭ بويى سەل ئېگىزرەك بولغان بولسا، بىر پۇتىنى كۆتۈرۈپ ئاۋارە بولمايدىكەن، — دەپتۇ.

## دەرىجىدىن تاشقىرى زېھىن

بىرەيلەن تۆت ياشلىق ئوغلىنى زېھنى دەرىجىدىن تاشقىرى ئۆتكۈر، دەپ ماختايدىكەن. بۇنى ئاڭلىغان بىر مۇتەخەسسىس ئۇنىڭ ئوغلىنى سىناپ كۆرمەكچى بوپتۇ.

مۇتەخەسسىس: سەن قايسى كۈنى تۇغۇل-

غانلىقىڭنى بىلەمسەن؟

بالا: ئەلۋەتتە بىلىمەن، مەن تۇغۇلغان كۈنۈم بولغاندا تۇغۇلغان.

مۇتەخەسسىس: قاچان سىنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ بولىدۇ؟

بالا: بۇنى دادام بىلەن ئانام بىلىدۇ.

## شۇ يەردە ئۇچرىشىدۇ

ئوقۇتقۇچى بىر ئوقۇغۇچىدىن سوئال سوراپتۇ.

— مۇئەللىم، سوئالىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم، — دەپتۇ ئوقۇغۇچى.

— بۇنىڭ چۈشىنەلمىگۈدەك نېمىسى بار، — دەپتۇ ئوقۇتقۇچى، — ئالايلۇق، دادىڭىز كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ، سائىتىگە 50 كىلومېتىرلىق تېزلىك بىلەن «ئا» نۇقتىدىن «ب» نۇقتىغا قاراپ يولغا چىقسا؛ ئانىڭىز كوچا

ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ، سائىتىگە 40 كىلو-
مېتىرلىق تېزلىك بىلەن «ب» نۇقتىدىن «ئا»
نۇقتىغا قاراپ يولغا چىقسا، ئىككىسى قايسى
جايدا ئۇچرىشىدۇ؟
— ھە ئەمدى بىلدىم، — دەپتۇ ئوقۇغۇچى، —
دادام بىلەن ئانام كەچتە چايغا بارماقچى
ئىدى، ئۇلار شۇ يەردە ئۇچرىشىدۇ.

## «دەۋەرگىن»

ئوقۇتقۇچى: بالىڭىز يازغان ماقالىدىكى
ئوي - پىكىر بەك قالايمىقان، سۆزلەرنىڭ
مەنىسىنى چۈشىنىش بەك تەس...
ئائىلە باشلىقى: بولىدۇ، مېنى تىللىماقچى
بولساڭ ئۇدۇل دەۋەرگىن، ئەگىتىپ يۈرمە.

## تۇنجى تەسىرات

ئانىسى تۇنجى قېتىم پويىزغا چىققان كى-

چىك ئوغلىدىن سوراپتۇ:
— ئوغلۇم، قانداق يېڭىلىقلارنى كۆردۈڭ؟
ئوغلى جاۋاب بېرىپتۇ:
— مەن بارلىق دەرەخلەرنىڭ ئۆيىگە كې-
تىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

## تاماكا چېكىش ۋە مېڭە ئىشلىتىش

بالىسى دادىسىدىن سورىدى:
— دادا، نېمىشقا ئۈزۈلدۈرمەي تاماكا چېكى-
ۋېرىسەن؟
— مەن دېگەن كاللا ئىشلىتىمەن.
— هوي، مېنى كىتاب ئوقۇغاندا مېڭە ئىش-
لەتمەيسەن، دېگىنىڭىز بىكار ئەمەسكەن-دە؟
— قانداقسىگە دەيسەن؟
— مەن تاماكا چەكمەيمەن ئەمەسمۇ!

## «چاي ئىچىۋەتمەمدىمەن»

— بالام چوكا مۇزنى ئازراق يېگىن، ئاش قازىنىڭ توڭلاپ قالمىسۇن يەنە!
— ئۇنىڭدىن غەم قىلما دادا، ئۆيگە بارغاندا چاينى كۆپرەك ئىچىۋەتمەمدىمەن؟

## دادىنىڭ ئارزۇسى

قەيسەر دادىسىغا يۇرەك كېسەللىكى دوختۇرى بولۇش ئارزۇسىنى دەپتۇ. بىراق دادىسى:
— ئەڭ ياخشىسى چىش دوختۇرى بول،— دەپتۇ.
— نېمىشقا؟
— چۈنكى ئادەمدە بىر يۇرەك، 28— 32 چىش بولىدۇ — دە!

## دادىسىنىڭ خېتى

مەكتەپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىر قىز ئوقۇ-غۇچىدىن بىزار بولۇپتۇ. ئاخىرى مەكتەپ مۇدىرى قىزنىڭ دادىسىغا مۇنداق دەپ خەت يېزىپتۇ:

«قىزىڭىز بەك ئازازۇل ئىكەن، مەكتەپتىكى ھەممەيلەن بىلەن ئۇرۇشۇپ ھېچكىمگە ئارام بەرمىدى، تەربىيە بېرىپ قويىسىڭىز...»

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قىزنىڭ دادىسىدىن مەكتەپ مۇدىرىغا خەت كەپتۇ. خەت مۇنداق يېزىلغان ئىكەن: «سىز ئۆيگە كېلىپ ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ يۈز-كۆزىنى بىر كۆرگەن بولسىڭىز ھەممىنى بىلەتتىڭىز!»

## سۇلتان گەپ قىلدى

سۇلتان سەككىز ياشقا كىرىپ قاپتۇ. لې-

كىن، بىر ئېغىز گەپ قىلىپ باقماپتۇ. بىر كۈنى ئەتىگەندە، سۇلتان ئۈستەلدىكى نان چىلانغان قاچىغا قاراپ، تۇيۇقسىز زۇۋانغا كې-لىپ:

— قاچىغا شېكەر سېلىشنى ئۇنتۇدۇڭلار، — دەپتۇ.

— ۋاي، بالىمىز گەپ قىلدى، بالىمىز زۇۋانغا كەلدى، بالام بايا نېمە دېدىڭ؟ نېمىشقا ئىلگىرى گەپ قىلمىغان ئىدىڭ؟ — دەپ چۇرقىرىشىپتۇ خۇشاللانغان ئاتا - ئانىسى.

— سىلەر مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى شۇنداق ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇۋاتساڭلار، مەن يەنە نېمە دەپ گەپ قىلاتتىم، — دەپتۇ بالىسى سۇلتان.

## چوڭ - كىچىك دېمەسلىك

دادىسى: مۇئەللىمىڭ دېيىشىچە، سەن مەكتەپتە ئۆزۈڭدىن كىچىك بالىلارنى ئۇرۇپ

قويدىكەنسەن، بۇ راستىمۇ؟

بالىسى: تازا توغرا ئەمەس، ئۆزۈمدىن چوڭلارنىمۇ ئۇردەن.

## «خاتىرجەم قىلىش»

قوشنىسى: ئەركىن، بولقىنى نېمە قىلىسەن؟

ئەركىن: مىخ قاقىمەن.

قوشنىسى: قولۇڭغا ئۇرۇۋالمىغىن يەنە!

ئەركىن: خاتىرجەم بولۇڭ، مىخنى سىزنىڭ بالىڭىز تۇتۇپ بېرىدىغان بولدى.

## «خاتالىشىپسىز»

قوشنىسى: ئەپەندىم، ئوغلىڭىز بىزنىڭ دېرىزىگە تاش ئېتىپ ئارام بەرمەيۋاتىدۇ.

ئەپەندىم: ئەينەك چېقىلدىمۇ؟

قوشنىسى: خۇداغا شۈكۈر، تاش تەگمەي

قالدى.

ئەپەندىم: خاتالىشىپسىز قوشنام، تاش ئاتقان مېنىڭ بالام ئەمەسكەن، مېنىڭ بالامىنىڭ ئاتقان تېشى تەگمەي قالمايدۇ.

## «لېكىن، چوڭ ئالىملار...»

كەچتە ياتىدىغان چاغدا بالىسى جېدەل قىلغىلى تۇردى:

— ئانا، ئالما يەيمەن.

— بولدى بالام، ئۇخلا، بەك كەچ بولۇپ كەتتى، ئالمىلار ئۇخلاپ قالدى،— دېدى ئانىسى بەزلەپ.

— كىچىك ئالمىلارغۇ ئۇخلىغاندۇ،— دېدى بالىسى،— لېكىن، چوڭ ئالمىلار ئۇخلايدىغان ۋاخ بولمىغاندۇ ...

## تەربىيە

تەربىيىچى باغچا باللىرىغا: «سىلەر ئاناڭ-لارنىڭ سۆزىدىن چىقماڭلار، ئۇنى رەنجىتىپ قويماڭلار. ئويلاپ بېقىڭلارچۇ، سىلەر مۇشۇن-چىلىك بولغۇچە كىيىم-كېچەكلىرىڭلارنى كىم يۇ-يۇپ بەردى؟» دەپتۇ.

باللار شۇ ھامان تەڭلا: «كىر ئالغۇ!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## زىراپىنىڭ بويىنى

ئوقۇتقۇچى: نېمە ئۈچۈن زىراپىنىڭ بوي-نى شۇنچە ئۇزۇن بولىدۇ؟

ئوقۇغۇچى: ئۇنىڭ بېشى بەدىنىدىن بەك يىراق بولغانلىقتىن.

## سەۋەب

— ئېمىشقا بەزى كىتابلارنىڭ بەتلىرى كۆپ، بەزى كىتابلارنىڭ بەتلىرى شۇنچە ئاز؟
— يازغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى ھورۇن، بەزىلىرى ئىشچان بولغانلىقىدىن بولمامدۇ؟

## «قۇياش دېگەن...»

— قارىغىنا، قۇياش كۆتۈرۈلگىلى نەۋاخ، سەن تېخى ئويغىنىپ دىمەيسەن!
— قۇياش دېگەن كەچقۇرۇن سائەت ئالتىدە ئۇخلايدۇ. مەن دېگەن كەچ سائەت ئوندا ئۇخلايمەن، شۇڭا قۇياشتىن كېچىكىپ تۇرسام نېمە بوپتۇ؟

## كەمچىلىك

— دەرس ۋاقتىدا ئۇخلايدىغان كەمچىلىكىڭنى تونۇپ يەتتىڭمۇ؟

— تونۇپ يەتتىم، پارتىدا ئۇخلىسا، كارۋاتتا ئۇخلىغاندەك راھەتلىك بولمايدىكەن.

## «نېمىشقا يۇگۈرەيدۇ»

تەنتەربىيە مۇسابىقىسىنى كۆرۈۋېتىپ ئوغلى دادىسىدىن سورىدى:

— ئاۋۇلار نېمىشقا ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي يۈگۈرەيدۇ؟

— يۈگۈرۈشتە بىرىنچى بولغان كىشى مۇكاپاتلىنىدۇ - دە، — دېدى دادىسى.

— بىرىنچى بولغانلار مۇكاپاتلانسا، قالغانلار يەنە نېمىشقا يۈگۈرەيدۇ؟

## يېڭى مۇئەللىم

— يېڭى مۇئەللىم قانداقراقكەن، سەندىن سوئال سورىدىمۇ؟
— سورىدى، ئۇ يەنىلا دىنغا ئىشىنىدىكەن.
— بۇنى قانداق بىلدىڭ؟
— جاۋابىمنى ئاڭلاپلا «ئاھ خۇدا!» دەپ تاشلىدى.

## «كىيىنكىلەرچۇ»

ئوقۇتقۇچىلار بالىلاردىن سورىدى:
— مەلۇم ئىشنى ئۈچ ئادەم ئىككى سائەتتە قىلىپ بولدى، ئەگەر ئالتە ئادەم قىلسا قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟
بىر ئوقۇغۇچى جاۋاب بەردى:
— ئۇ ئىشنى ھېلىقى ئۈچ ئادەم قىلىپ

پولغان تسۇرسا، كېيىنكىلەر قايسى ئىشنى قىلىدۇ؟

## مىراس بۆلۈشۈش

مەلۇم بىر ئىدارە باشلىقى ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئۈچ ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— داداڭلارنىڭ بىر نەچچە كۈنلۈكلا ۋاقتى قالدى. ھازىر مەن سىلەرگە مۈلۈكلىرىمنى بۆلۈپ بېرەي،— دەپتۇ.

چوڭ ئوغلى: مەن ئۆيدىكى مۈلۈكنى ئالىمەن، — دەپتۇ.

ئوتتۇرانچى ئوغلى: مەن پۇل چېكىنى ئالىمەن،— دەپتۇ.

كەنجى ئوغلى: مەن دادامنىڭ تامغىسىنى ئالىمەن،— دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان دادىسى ھەيران قېلىپ:

—سەن تامغىنى نېمە قىلىسەن؟-دەپ سوراپتۇ.

كەنجى ئوغلى ھېچ ئويلانماستىنلا شۇن-
داق دەپتۇ:
— سىز دائىم بىزگە: «نېمە لازىم بولسا تا-
غىنى شۇنداق باسسىڭىزلا، شۇ نەرسىنى كى-
شىلەر بىزگە ئەكىلىپ بېرىدۇ» دېگەن ئەمەسمۇ؟
مەن تامغىنى ئالسام، ماڭا نېمە لازىم بولسا
شۇ كېلىۋېرىدۇ — دەپ!

## ئويۇن قېپى چۆمۈلە

ئانىسى: بالام نۇرمەمەت، سەن چۆمۈلى-
نىڭ ئىشچانلىق روھىدىن ئۆگەن، ئويۇن
قېپى بولما!
نۇرمەمەت: بىراق ئانا، مەن سىرتتا ئوي-
ناۋاتقان چاغلىرىمدا دائىم چۆمۈلىلەرنىڭ
قاتارلىشىپ مېڭىپ ئويناۋاتقانلىقىنى
كۆردۈمەنغۇ!

## «نەدىن تاپاتتىم»

ئوقۇتقۇچى: گۈلقىز، سىز دەپ بېقىڭە، سەككىزگە بەشنى قوشساق قانچە بولىدۇ؟

گۈلقىز بارماقلىرىنى ساناپ چىقىرالمىغاندىن كېيىن يەرگە قاراپ جاۋاب بەردى:

— بىلمىدىم.

ئوقۇتقۇچى: بارماقلىرىڭىز بىلەنمۇ ساناپ چىقىرالمىدىڭىزمۇ؟

گۈلقىز: مېنىڭ ئىككى قولۇمدا بەشتىن بارماق تۇرسا، قالغان ئۈچ بارماقنى نەدىن تاپاتتىم؟

## جازالاشنىڭ ئاقىۋىتى

ئىككى ئوقۇتقۇچى ئۆز ئوقۇغۇچىلىرى ھەققىدە پاراڭ سېلىشىۋاتاتتى، بىرى

مۇنداق دېدى:

— تۈنۈگۈن بىر ئوقۇغۇچى يۈزىنى يۇ-ماي مەكتەپكە كەلگەن ئىكەن، مەن ئۇنى ئۆيىگە قايتۇرۇۋەتتىم.

يەنە بىرى قىزىقتى:

— ياخشى ئۇسۇل ئىكەن، بۈگۈن ئۇ چو-قۇم مەكتەپكە يۈزىنى پاكىز يۇيۇپ كەلگەندۇ؟

— نەدىكىنى، بۈگۈن سىنىپتىكى ھەممە ئوقۇغۇچى يۈزىنى يۇماي كەپتۇ.

## دەرس تەكرارلاش

ئوقۇتقۇچى: بۇ تاپشۇرۇقنى ئۆزۈڭ ئىشلىدىڭمۇ؟

ئوقۇغۇچى: دادام ياردەملەشكەن.

ئوقۇتقۇچى: بېرىپ ئېيتىپ قويغىن، مەن بۈگۈن كەچتە داداڭغا دەرس تەكرارلاپ

بىر ىشكه بارىمەن.

## «بوۋام كەلسۇن»

— مۇئەللىم، ئەتىكى ئاتا ـ ئانىلار يىغىـ
نىغا بوۋام كەلسە بولامدۇ؟

— نېمىشقا؟

— بوۋامنىڭ قولىقى ئاڭلىماس بولۇپ
قالغان ئىدى.

## تاپشۇرۇپ بېرىش

— ئادىل، ئۆتكەندە تېپىۋالغان 20 يۇەن
پۇلنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرەلىدىڭمۇ؟

— تاپشۇرۇپ بەردىم، مۇئەللىم.

— ئىگىسى كىمكەن؟

— بىر قاسساپنىڭ پۇلىكەن، تاپشۇرۇپ
بەرسەم ئىككى كىلوگرام گۆش بەردى.

## چوڭقۇر نەپەس ئېلىش

ئانا تومىيە مۇئەللىمى دەرس سۆزلەۋېتىپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىشنىڭ پايدىلىق تەرىپىنى چۈشەندۇرۇۋېتىپتۇ.

خامۇشلىنىپ ئولتۇرغان ئەركىن ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئەسنەپتۇ.

— دەرس ۋاقتىدا ئەسنىمەڭ، ئەركىن، — دەپتۇ مۇئەللىم.

— ئەسنىمىدىم، چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋاتىمەن، — دەپتۇ ئەركىن.

## ئورۇن ئىزدەش

دولقۇن كىنونىڭ يېرىمىدا تالاغا چىقىپ كىردى ۋە مەلۇم رەتنىڭ بېشىدا ئولتۇرغان ئادەمدىن سورىدى:

— ھېلىراقتا پۈتىڭىزنى دەسسەپ سال-
دىممۇ نېمە؟
— شۇنداق، — دېدى ئۇ ئادەم دولقۇننى
كەچۈرۈم سورارمىكىن دەپ.
— تاپتىم، — دېدى دولقۇن، — ئورنۇم
مۇشۇ يەردە ئىكەن!

## سۇ ئىزدەش

— ئۆزىڭىزنى نيۇتون، دەپ پەرەز قى-
لىڭ، — دېدى مۇئەللىم ئوقۇغۇچىغا، — ئالما
شاختىن ئۈزۈلۈپ بېشىڭىزغا چۈشسە قانداق
خىيالغا كەلگەن بولاتتىڭىز؟
— سۇ ئىزدىگەن بولاتتىم.
— نېمىشقا؟
— ئالمىنى يۇيۇپ يېيىش كېرەك - تە

## «مەن مۈشۈك»

يېرىم كېچىدە ئوغرىلىققا كىرگەن ئوغرى تۇساتتىن قاچا - قومۇچىقا تېگىپ تاراقلىتىۋەتتى.

- كىم سەن؟- دەپ تووۋلىدى ئۆي ئىگىسى.

- مەن مۈشۈك،- دېدى ئوغرى.

## كۆپلۈك

مۇئەللىم: «ئادەم» نىڭ كۆپلۈكى نېمە؟

ئوقۇغۇچى: ئادەملەر.

مۇئەللىم: ناھايىتى ياخشى، ئۇنداق بولسا «بالا» نىڭ كۆپلۈكىچۇ؟

ئوقۇغۇچى: قوشكېزەك.

## ئەدەبلىك بالا

— ئانا، ئاشخانىدىكى ھېلىقى ئىككى ئالـ مىنى يېسەم بولامدۇ؟
— بولىدۇ، ئەدەبلىـك بالام. ئاشـخانىغا كىرىۋەرگىن.
— كىرمىسەمۇ بولـىدۇ، مەن ئالـمىنى ئاللىبۇرۇن يەۋەتكەن.

## ھورۇن قىز

بىر ھورۇن قىز زادىلا يۇيۇنمايدىكـەن، كىيىملەرنىمۇ يۇتكىمەيدىكەن. بىـر كـۈنـى ئانىسى مېھمان چاقىرىپتۇ ۋە قىزىغا:
— قىزىم، يۈز - قـوللىرىڭنى پاكىز يۇ-يۇپ، كىيىملىرىڭنى ئالماشتۇر، — دەپتۇ.
— ئانا، مېھمانلار كـەلمەي قـالسا مېنىڭ

يۈيۈنۈپ ـ كىيىنىشىم بىلارغا لەتىمەمدۇ دەپتۇ قىزى.

## «ئۈچ تاللا بار»

دوختۇر بىر كىچىك بالىنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا:
— بۇ دورىنى كۈنىگە تۆت قوشۇقتىن ئىچىڭ، — دەپ جىكىلەپتۇ. بالا:
— بىر قوشۇقنى ئاز ئىچەيچۇ، بىزنىڭ ئاران ئۈچ تاللا قوشۇق بار ئىدى، — دەپتۇ.

## مىسال كۆرسىتىش

مۇئەللىم: سەن تازا ماس كەلگەن مىسالدىن بىرنى كۆرسىتىپ باقامسەن؟
ئوقۇغۇچى: ئانام بىلەن دادام بىر كۈن ئىچىدە توي قىلغان ئىكەن.

## قىزىق جاۋاب

بىئولوگىيە دەرسىدە مۇئەللىم ئوقۇغۇچى-
لاردىن:
— سوغۇق قان تىپىدىكى ھايۋانلار قايسى-
لار؟— دەپ سورىدى
ئېلى ئورنىدىن دەس تۇردى — دە، دەر-
ھال جاۋاب بەردى:
— توڭلاتقۇدىكى بېلىق.

## چىش داۋالىتىش

دادىسى ئوغلىنىڭ چىشىنى داۋالىتىش
ئۈچۈن دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە ئۆ-
زى كېسەل كۆرۈش بۆلۈمىنىڭ سىرتىدا
قاپتۇ. بىر چاغدا بۆلۈم ئىچىدىن بىرسىنىڭ
قاتتىق توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ شۇ-

ئان بۆلۈم ئىچىگە كىرىپ ئوغلىدىن:
— چىشىڭ بەك ئاغرىپ كەتتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ياق دادا، ۋارقىرىغان مەن ئەمەس دوختۇر، — دەپتۇ ئوغلى، — مەن ئۇنىڭ بارمىقىنى چىشلىۋالغان ئىدىم.

## «كىچىكىنى يەيمەن»

ئانىسى: بالام، ئۆيدە ئىككى تال ئالما بار، سەن چوڭىنى يەمسەن كىچىكىنىمۇ؟
بالىسى: كىچىكىنى.
ئانىسى: بالام بەك ئەقىللىق بالا بولدى جۇمۇ!
بالىسى: چوڭىنى دادام يەپ بولغان.

## شېئىرىي تىل

ئوقۇتقۇچى: شېئىرىي تىل دېگەن نېمە؟

ئوقۇغۇچى: شېئىرلاردىكى چۈشەنگىلى بول-
مايدىغان سۆزلەرنى شېئىرىي تىل دەيمىز.

## بىغەرەزلىك

12 ياشلىق ئەكبەر قوشنىسىنىڭ بالىسى بىلەن سوقۇشۇپتۇ. ئانىسى ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىپ دەپتۇ:

— چوپچوڭلا بولۇپ قالغاندىمۇ سوقۇ-شامسەن؟ بۇ نېمە دېگەن بىغەرەزلىك — ھە!

ئەكبەر سوراپتۇ:

— ئانا، دۆلەت دېگەن چوڭمۇ؟

— ئەلۋەتتە چوڭ — دە!

— ئەمىسە دۆلەتلەرمۇ بىر — بىرى بىلەن سوقۇشىدىغۇ؟ سوقۇشقان دۆلەتلەر بىغەرەز ئىكەن — دە!

## قورقماسلىق

ئانىسى دەپتۇ:

— قىزىم، چوڭ بولۇپ قالدىڭ، قورقۇنچاقلىقىڭنى تۈگەتكىن، ھەتتا ئۆيگە يالغۇز كىرەلمىسەڭ، بۇ قانداق بولغىنى؟

— ئانا، مەن قورقمايدىغان بولۇپ قالدىم، — دەپتۇ قىزى ئانىسىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، — ئىشەنمىسەڭ ئۆيگە بىللە كىرەيلى، قورقمىغىنىمنى ئۆزكۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ باق.

## ئالاھىدە بەدەن

ئوقۇتقۇچى: بىزنىڭ بەدىنىمىزدە 206 پارچە سۆڭەك بار.

ئوقۇغۇچى: مېنىڭ بەدىنىمدە 207 پارچەسۆڭەك بار!

ئوقۇتقۇچى: نېمە ئۈچۈن؟

ئوقۇغۇچى: تۈنۈگۈن كەچلىك تاماق ۋاقتىمدا بىر كىچىك بېلىق قىلتىرىقىنى يۇتۇۋەتكەن ئىدىم.

## ئۇرۇش سانى

دادىسى سوراپتۇ:

— قېنى، دەپ باقە، ئىسپانىيە 15 - ئەسىردە قانچە قېتىم ئۇرۇش قىلغان؟

— ئالتە قېتىم،— جاۋاب بېرىپتۇ بالىسى.

— قايسى - قايسى ئالتە قېتىم؟— يەنە سوراپتۇ دادىسى.

— بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى، بەشىنچى قېتىم، ئەڭ ئاخىرقىسى ئالتىنچى قېتىم،— جاۋاب بېرىپتۇ بالىسى دەرھال.

# سەبىيلەر كۈلكىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىكىم روزى
مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايشەم ئابدۇۋەلى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850 × 1168 مم، 1/64، باسما تاۋىقى: 3.125
1994 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
1994 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 9070 — 1

ISBN7 — 5373 — 450 — 5/I·113
باھاسى: 1.50 يۈەن

本书选收适合于少年儿童的小幽默，这些幽默从多方面给少年儿童各种知识，提高他们的思维能力，增长他们的智慧。


# 少儿笑话集

选编：阿布利克木·肉孜

责任编辑：图尔洪·鸥布利哈斯木

责任校对：阿依夏木·阿不都吾力

喀什维吾尔文出版社出版

新疆新华书店发行

喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷

850×1168毫米 大64开本 3.125印张

1994年4月第1版 1994年5月第一次印刷

印数：1——9070

ISBN7—5373—0450—5/I·113（民文）

定价：1.50元





ISBN7—5373—0450—5/I·113(民文)

باھاسى: 1.50 يۈەن